

2020 ئاۋغۇست -سېنتەبىر

ئومۇمىي 13-سان

# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



قىپقىزىل يالغانچىلىق

1



گۈلشەن ئابباس

33



ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى

36

2020 ئاۋغۇست -سېنتەبىر

ئومۇمىي 13-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە

## مىسلىسىز ئۆيغىنىش


ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى

ئوغۇزخان ۋە قاراخانغا باغلانغان « قارا » ۋە « قاراخان » ئاتالغۇسىغا يوشۇرۇنغان تارىخ 81

لىدىرلىقتا ھىسسىي ئەقىل 69

كۆچنىڭ بەش خىل شەكلى 51


## خىتاي تەتقىقاتى


قىپقىزىل يالغانچىلىق: كوممۇنىست خىتاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش ئىستىكىنىڭ ئىچيۈزى

خىتاي كومپارتىيىسى ناچار، خەلقى ياخشى ئەپسانىسى 76

مۇلەن ئەپسانىسىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە 63


## گۈلىستان


گۈلشەن ئاباباس














## خەلقئارا ۋەزىيەت


خىتاي ھىندىستان توقۇنۇشى 43


## ھېكمەتلەر


رەزىللىك ھەققىدە 91


## تارىخ ۋە بىز


تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئابدۇنىياز كامال 95

بىسمارك ۋە گېرمان ئىمپېرىيىسى

# قىيقىزىل يالغانچىلىق:

## كوممۇنىست خىتاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش ئىستىكىنىڭ ئىچىيۈزى

# Deceiving the Sky: Inside Communist China's Drive for Global Supremacy



بىل گېرتس «ۋاشىڭتون ۋاقتى» دۆلەت بىخەتەرلىكى سەھىپىسىنىڭ داڭلىق مۇخبىرى. ھازىر دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپلىك خىتاي ئىشلىرى ئانالىزچىسى. خىتاي تەھدىتى ھەققىدە مەخسۇس ئالتە كىتابى بار.

بىل گېرتس
Bill Gertz

## ☆ ئون ئىككىنچى باب ☆

# ھەربىي كۈچ

## مىلتىقتىن چىققان دۇنياۋى ھۆكۈمرانلىق

«مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ» ــ ماۋ زېدوڭ،1927 – يىلى 8 – ئاينىڭ 27 – كۈنى.

خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بىر پارچە ئىستىخبارات دوكلاتىدىن باشلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا 1937-يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدا بېيجىڭغا يېقىن يەردىكى ماركو پولو كۆۋرۈكىدە ياپونىيە ۋە خىتاي ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەندەك ئېتىشىش يۈز بەرمەيدۇ؛ شۇنداقلا 1939-يىلى گېرمانىيە تانكىلىرىنىڭ پولشاغا قىلغىنىدەك تۇيۇقسىز ھۇجۇممۇ يوق.

سۈنئىي ئىدراك ئارقىلىق مەشغۇلات قىلىدىغان، ئۆزى تەپەككۇر قىلىپ، ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىدىغان، خىتاي مەركىزىي ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانلىرىنىڭ كونتروللۇقىغا ئانچە ئۇچراپ كەتمەيدىغان تور ماشىنا ئادەملىرىنىڭ مەشغۇلاتى سەۋەبلىك ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلايدۇ.

ئۇ 2029-يىلى 8-ئاينىڭ 28-كۈنى بولۇپ، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىرى بېيجىڭنىڭ شەھەر سىرتىدىكى «غەربىي تاغ» دەپ ئاتىلىدىغان، پەۋقۇلئاددە مۇستەھكەملەنگەن يەر ئاستى قوماندانلىق مەركىزىدىكى يەر يۈزىدىن ئۈچ يۈز مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بازىغا پاناھلانغانىدى. خىتاي گېنېراللار بەشبۇرجەكلىك بىنادىن ئەۋەتىلگەن مەخپىي ئىستىخبارات دوكلاتىغا ئاساسەن، بىر نەچچە ھەپتىنىڭ ياقى ئۇرۇش باشلاش ھەلەكچىلىكىدە يۈرەتتى. بۇ ئىستىخبارات دوكلاتى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ۋاشىنگتوندىكى پوتوماك دەرياسىنىڭ يېنىدىكى دۆلەتلىك ھەربىي قوماندانلىق مەركىزى ئىشلىتىدىغان خەۋەرلىشىش سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ناھايىتى مەخپىي مەشغۇلات قىلىدىغان ئېلېكترونلۇق ماشىنا ئادەم تەرىپىدىن تەييارلانغانىدى. بۇ ئۇچۇر خىتاي مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىگە يوللاندى. ئىستىخبارات دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك شۇم خەۋەردىن ئىبارەت ئىدى: ئامېرىكانىڭ ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشىغا مەسئۇل قوماندانلىق مەركىزى بولغان «ئالەم بوشلۇقى قوماندانلىق شتابى» خىتاينىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش ئەھۋاللىرىنى نازارەت قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئامېرىكا سۈنئىي ھەمراھىغا يەر يۈزىدىن قىلىنغان لازېر نۇر ھۇجۇمىنىڭ مەنبەسىنى دەلىللىگەن. مەزكۇر لازېر نۇر ھۇجۇمى شۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەڭرىتېغىغا جايلاشقان، سۈنئىي ھەمراھقا قارشى مەخپىي بازىسىدىن قىلىنغانىدى. خىتاي ئامېرىكانى بۇ قېتىملىق ھۇجۇمنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلىيالمايدۇ دەپ قارىغانىدى. مەزكۇر ھۇجۇم ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق سېنزور تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىغان ئەينەكنى ئېرىتىپ، بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ ئەڭ يېڭى باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن ئاگاھلاندۇرۇش سۈنئىي ھەمراھىدىن بىرىنىڭ توك يولىنى ماس قىلىپ قويغانىدى. «بوشلۇقتىكى سىجىل ئىنفىرا قىزىل نۇر»ناملىق مەزكۇر سۈنئىي ھەمراھلارنىڭ تۇنجىسى 2024-يىلى قويۇپ بېرىلگەنىدى. بۇ سۈنئىي ھەمراھ بۇنداق لازېر ھۇجۇمى ئارقىلىق ۋەيران قىلغىلى بولمايدىغان قىلىپ لايىھەلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي جاسۇسلىرى ئامېرىكا سۈنئىي ھەمراھ ھۆددىگەر شىركەتلىرىنىڭ كومپيۇتېر سىستېمىسىغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، بۇ سۈنئىي ھەمراھنىڭ بىر مۇھىم يوچۇقىنى بايقىغان. بۇ قېتىمقى لازېر نۇر ھۇجۇمى خىتاينىڭ يېڭى ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشى سىستېمىسىنىڭ سىناق زەربىسى بولۇپ، ھۇجۇم مەنبەسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ سىناق پەۋقۇلئاددە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانىدى. ئامېرىكالىقلارنىڭ ھۇجۇم مەنبەسىنى قانداق بايقىۋالغانلىقى ھەربىي جاسۇسلار ئېنىقلاشقا تېگىشلىك سوئال ئىدى. بۇ قېتىملىق سىناق ھۇجۇمدا، لازېر نۇرى ئالاھىدە يەتكۈزۈش

تېخنىكىسى ئارقىلىق ئالاھىدە ھەرىكەتچان سۈنئىي ھەمراھقا يەتكۈزۈلۈپ، ئاندىن مەزكۇر كىچىك سۈنئىي ھەمراھتىن ئامېرىكانىڭ سۈنئىي ھەمراھىغا قويۇپ بېرىلگەن. ئامېرىكانىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇش سۈنئىي ھەمراھى يەر يۈزىدىن بىۋاستە قويۇپ بېرىلىدىغان يۇقىرى قۇۋۋەتلىك لازېر پارتلىشىغا قارشى تۇرالايدىغان قىلىپ لايىھەلەنگەندى. ئەمما، ئۇنىڭ بوشلۇقتىكى قايتا نىشانلانغان نۇردىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى ئۆزىنىڭ ۋەيران بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس ئىدى.

بۇ قېتىملىق ھۇجۇم ئېللىپس شەكىللىك ئوربىتىدا ئايلىنىدىغان ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىلگەندىكى ئىسسىقلىق سىگنالىنى بايقاش ئۈچۈن ئوخشىمىغان ئىككى خىل ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق سىكانېرلاش سېنزورى سەپلەنگەن، باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىشنى نازارەت قىلىش سۈنئىي ھەمراھىنى پالەچلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغانىدى.

ئۇرۇشنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياققان نەرسە، يەنى ئىستىخبارات دوكلاتىنى «ئامېرىكالىقلار» دېگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا تەسۋىرلەنگەندەك، ئامېرىكا پۇقراسىنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغان KGB جاسۇسى ئەمەس، ئادەتتە پائالىيەت قىلمايدىغان يوشۇرۇن جاسۇس (مەۋھۇم ماشىنا ئادەم) تەييارلىغانىدى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئادەتتە پائالىيەت قىلمايدىغان بۇ يوشۇرۇن جاسۇسىنىڭ كود ئىسمى «كۈمۈش ئاققۇ» ئىدى. ئۇ ئۈچۈر توپلاش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىغا تەقلىد قىلىنغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەندى. مەۋھۇم ماشىنا ئادەم (virtual robot) كومپيۇتېر سىستېمىسى ئىچىدە ياشايدىغان ۋە ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ، ئاخىرىدا ئۆزى قارار چىقىرالايدىغان قىلىپ پروگراممىلانغان. بۇ قېتىملىق سىڭىپ كىرىش خىتاي ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلېكترونلۇق جاسۇسلۇقنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ مەۋھۇم ماشىنا ئادىمى ئامېرىكا دۆلەتلىك ھەربىي قومان-

لىق مەركىزى رەھبەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە ئامېرىكانىڭ يەرشارى مىقياسىدىكى ھەربىي ئەسلىھەلىرىگە قوماندانلىق قىلىش ۋە كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى مەخپىي خەۋەرلىشىش سىستېمىسىنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرگەن ۋە ماكانلاشقانىدى.

سۈنزىنىڭ «ئىستىخبارات چوققۇم كىشىلەردىن ئېلىنىشى كېرەك» دېگەن كۆرسەتمىسىگە كۆرە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئىنسانلارنىڭ (يەنى ئامېرىكالىق خائىنلارنىڭ) ياردىمى بولمىسا جاسۇسلۇقتا بۇنداق بۆسۈش ھاسىل قىلالمىغان بولاتتى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 2 - باشقارمىسى كۆپ يىللىق تەييارلىق خىزمەتلىرىدىن كېيىن، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بىر ئەسكىرىنى سېتىۋالغان. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئامېرىكا قوماندانلىق مەركىزىنىڭ ئىچىدىكى ھالقىلىق ئالاقە ئورنىدا بىر قانچە يىل خىزمەت قىلغان بۇ خادىمنى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان، ئاندىن بۇ خائىن ئامېرىكا قوماندانلىق تورى ئىچىدىكى خىتاينىڭ مەۋھۇم ماشىنا ئادىمىگە بىۋاستە ياردەم بەرگەن.

خىتاي ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئىستراتېگى-يىلىك خەۋەرلىشىش سىستېمىسىغا سىڭىپ كىرىدىغان ئىستىخبارات ھۇجۇمىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، چوڭ سانلىق مەلۇمات (چوڭ بېرىگ) ۋە ئالاھىدە يۇمشاق دېتاللاردىن تەڭ پايدىلانغان. 2010-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خىتاي ھەربىي خاككېرلىرى ئامېرىكانىڭ خادىملارنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى (OPM) غا ھۇجۇم قىلىپ، 22 مىليون پارچىدىن ئارتۇق ئېلېكترونلۇق خاتىرىنى ئوغرىلىغان. بۇ خاتىرىلەر مەخپىي ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش جەھەتتە مۇتلەق مەخپىي ياكى مەخپىي دەرىجىلىك بىخەتەرلىك ئىجازەتنامىسى بار ئامېرىكالىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئاندىن خىتاي ئىستىخبارات تارماقلىرى ئامېرىكا خادىملارنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى (OPM)دىن ئوغرىلىغان خاتىرىلەرنى ساغلاملىق مۇلازىمىتى شىركىتى Anthem دىن ئوغرىلىغان 60 مىليون

پارچىدىن ئارتۇق خاتىرە بىلەن بىرلەشتۈرگەن.

«كۈمۈش ئاققۇ» بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆزىنى قاچۇرالايدىغان قىلىپ پروگراممىلانغان بولۇپ، ئۇ ھەرقېتىم بىخەتەرلىك سىكانىرلىشىغا دۇچ كەلگەندە، خامېلىئونغا ئوخشاش ئۆزگىرىپ، نورمال يۇمشاق دېتال پروگراممىسىغا ئايلىنىۋالالايتتى. سىكانىرلاش تاماملانغان ھامان، مەزكۇر مەۋھۇم ماشىنا ئادەم «ئەسلى»گە قايتىپ، ناھايىتى كۆپ باش قاتۇرۇپ بەرپا قىلىنغان، يەرشارى مىقياسىدىكى مەخپىي ئالاقە ئۇلىنىشى سىستېمىسى ئارقىلىق خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ياردەم قىسمىنىڭ كومپيۇتېر تورى بىلەن مەخپىي ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

خىتاي رەھبەرلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئارمىيەگە مەسئۇل ئەڭ ئالىي ئورگىنى بولمىش مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭدىكى جوڭنەنخەي دەپ ئاتالغان رەھبەرلىك بىناسى ئىچىدە جەم بولۇشتى. ئۇلار مەۋھۇم ماشىنا ئادەم تەرىپىدىن تەييارلانغان، ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ سۇنئىي ھەمراھقا قارشى لازېر ھۇجۇمىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن خىتايغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان ئىستىخبارات دوكلاتىنى ئوقۇدى. ئامېرىكانىڭ ئۈچ دانە سۇ ئاستى ھۇجۇمچى پاراخوتىغا تىنچ ئوكيانىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى خىتاينىڭ دېڭىز رايونىغا يۈرۈش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەندى. بۇ پاراخوتلارنىڭ ھەممىسىگە يېڭى تىپتىكى ئۇزۇن مۇساپىلىق چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەندى. نىشان تەڭرىتاغدىكى لازېر بازىسى ئىدى. ھۇجۇمنىڭ كونكرېت ۋاقتى تېخى ئامېرىكا پرېزىدېنتى تەرىپىدىن قارار قىلىنمىغانىدى.

(دوكلاتنى ئوقۇغان) خىتاينىڭ ئالىي رەھبىرى جاۋ لېجى **(Zhao LeJi)** تۆۋەندىكىدەك قارار چىقاردى: خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى قىزىل يۇلتۇز بىرلەشمە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، ئاسىيادىلا ئەمەس، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئامېرىكانىڭ ھەربىي بازىسى ۋە پورتلىرىغا قارىتا تۇيۇقسىز باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھۇجۇمى قىلىدۇ.

مەزكۇر تۇيۇقسىز ھۇجۇم **21**-ئەسىردىكى «مەرۋايىت پورتى» (پېئارىل خاربور) ھۇجۇمى بولۇپ، يەنە بىر ئەۋلادقىچە ئامېرىكانىڭ ئۆز تۇپرىقىنىڭ سىرتىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى پالەچلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغانىدى.

خىتاينىڭ يىراق مۇساپىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى بۇ ھەرىكەتتىكى مۇھىم قورال بولۇپ، ئۇ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇرۇش قورالىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ توقۇنۇش يۈز بېرىشتىن ئاۋۋالقى **30** يىل مابەينىدە، خىتايدا يۈزلىگەن باشقۇرۇلىدىغان، چارلىغۇچى ۋە ئاۋازدىن تېز ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياسالدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەخپىي ھالدا «يەر ئاستى سەددىچىنى»دە، يەنى **3000** ئىنگلىز مىلى (تەخمىنەن **4828** كىلومېتىر، ت) ئۇزۇنلۇقتىكى يەر ئاستى تونېلى ۋە يەر ئاستى ئىشلەپچىقىرىش مەركەزلىرىدە ساقلىنىۋاتاتتى. ئامېرىكانىڭ كۆزەتكۈچى سۇنئىي ھەمراھلىرى خىتاينىڭ يەر ئاستىدىكى بۇ مۇئەسسەسەلىرىنى بايقىيالمايتتى، شۇنداقلا بۇ مۇئەسسەسەلەر ئامېرىكانىڭ يۇكسەك توغرىلىقتا يېتەكلىنىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىدىن مۇداپىئەلىنەلەيتتى.

كەڭ كۆلەملىك ھەربىي قۇرۇلۇشنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، خىتاينىڭ بارلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنىڭ ئورنىنى ئاسانلا يوشۇرغىلى بولىدىغان ۋە نىشانلاش تەس بولغان زامانىۋى ۋە ئىلغار كۆچمە سىستېمىلار ئالدى. بۇنىڭدىن باشقا، خىتاينىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىغا تىزگىنلىگىلى بولىدىغان، ئاتموسفېرا قاتلىمىغا قايتىپ كېلەلەيدىغان تۇشۇغۇچ، كۆپ ئوق بېشى، «يەمچۈك»، كاشىلا تۇغدۇرغۇچ ۋە ئىسسىقلىق قالقىنى قاتارلىق ئەڭ ئىلغار سىڭىپ كىرگۈچى ئوق بېشى تېخنىكىلىرى سەپلەنگەن. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى **2025**-يىلى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ **90**-يىللىرىدا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان مۇنداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى: يەنى ئۇلار ھەرىكەتتىكى ئاۋىياماتكىنى چۆكتۈرۈۋېتىشكە ياكى قۇرۇقلۇقتىكى قوماندانلىق مەركىزىنى ۋەيران

قىلىشقا يېتەرلىك دەرىجىدىكى توغرىلىق نىسبىتىگە ئىگە، ئون بەش مىنۇت ئىچىدە يەر شارىدىكى ھەر قانداق نىشانغا زەربە بېرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولدى.

قىزىل يۇلتۇز بىرلەشمە ھەرىكىتىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھۇجۇمى پىلانىنىڭ يادروسى DF-ZF تىپلىق دەرىجىدىن تاشقىرى تېز سۈرئەتلىك لەيلىمە باشقۇرۇلىدىغان بومبىدۇر. مەزكۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبا باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ بېرىلىدۇ ۋە مۇئەييەن ئوربىتا ئارقىلىق نىشانغا يېقىنلىشىپ، ئۇنى ئاتموسفېرا قاتلىمىنىڭ ئۈستۈنكى چېتىگە، ئالەم بوشلۇقىنىڭ تۆۋىنىگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ مۇساپىسى 3400 مىلدىن 8000 مىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، ياۋروپا ۋە ئامېرىكانىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدىكى نىشانغا يېتەلەيدۇ. بۇ خىل لەيلىمە باشقۇرۇلىدىغان بومبا قوش ئىقتىدارلىق بولۇپ، ئادەتتىكى ئوق بېشى ياكى يادرو ئوق بېشى سەپلىگىلى بولىدۇ.

خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى كۆپ يىللاردىن بۇيان غەرب ئىستىخبارات ئورگانلىرىغا « DF-ZFنىڭ ھۇجۇم مۇساپىسى چەكلىك (ئانچە يىراققا يېتىپ بارالمايدۇ)» دېگەن خاتا ئۇچۇرنى تارقىتىپ كەلگەنىدى. بۇ خىل لەيلىمە باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ نۇرغۇن سىناقلىرى ئوتتۇرا مۇساپىلىق باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولغاچقا، ئامېرىكا تەھلىلچىلىرى بۇنىڭغا ئالدىنىپ، ئۇنىڭ مۇساپىسىنى 3000 مىل ئەتراپىدا دەپ تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغانىدى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى مەخپىي ھالدا DF-ZF نى ئەڭ يېڭى قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا - DF-41، DF-31 ۋە سۇ ئاستى پاراخوتى قويۇپ بەرگەن JL-3 قاتارلىقلارغا سەپلىگەن.

«قىزىل يۇلتۇز بىرلەشمە ھەرىكىتى – 2029»دە ئەنئەنىۋى ئوق باشلىرىنى ئىشلىتىپ دېڭىز ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىش قىسمى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ نىشانلىرىغا ھۇجۇم قىلىش تەلەپ قىلىنغان. مەزكۇر جەڭ پىلانى ئىنسانلارنىڭ شۇنچىكى نازارەتچىلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تولۇق ئاپتوماتلاشقان. ئۇ يەنە ئىككى دانە باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن ئاگاھلاندۇرۇش سۈنئىي ھەمراھىغا لازېر نۇر ھۇجۇمى قىلىش بىلەن باشلىنىدۇ. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى خىتاي ئاسمىنىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئۈچ سۈنئىي ھەمراھنى پاچاقلاپ تاشلاش ئارقىلىق، DF-ZF تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى قويۇپ بەرگەندىكى ئاۋاز (دۈشمەن تەرىپىدىن) بايقالمايدىكەن، دەپ يەكۈن چىقاردى. ياردەمچى سېنزور بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى بايقىغاندا، «خىش قېلىپتىن چىققان» بولۇپ، بەكلا كېچىكىپ كېتەتتى. دەسلەپكى باسقۇچتا DF-ZF تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن جەمئىي 67 نى قويۇپ بېرىش پىلانلانغانىدى.

بىرىنچى نىشان ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئېيجىس (Aegis) تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش پاراخوتلىرى، بولۇپمۇ شەرقىي شىمالىي ئاسىياغا، يەنى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەزكۇر تىپتىكى پاراخوتلار ئىدى. ياپونىيەنىڭ ئەتراپىدىكى بەش دانە Aegis پاراخوتىنى چۆكتۈرۈۋەتكەن تەقدىردە، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ خىتاينىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنى توسۇش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتەتتى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ رونالد رېگان، جون C ستېننىس، كارل ۋىنسون ۋە تىنچ ئوكياندىكى جون كېننىدى قاتارلىق ئاۋىئاماتكا ئەترەتلىرى خىتاينىڭ ئۈنىڭدىن كېيىنكى نىشانى ئىدى. دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىش قىسمىنى توشۇيدىغان قۇرۇقلۇق ۋە سۇدا تەڭ ھەرىكەت قىلالايدىغان ھۇجۇم پاراخوتلىرىمۇ پاچاقلاپ تاشلىنىدىغان نىشانلارنىڭ ئىچىدە ئىدى.

غەرب تەرەپتە بولسا، DF-ZF تىپلىق پاراخوتقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا پارس قولتۇقى ۋە ئوتتۇرا دېڭىزدىكى يېڭى تىپتىكى «كارخانا» ناملىق ئاۋىئاماتكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاۋىئاماتكىلارغا زەربە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تورپېدا قويۇپ بېرىدىغان ئايروپىلاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۇ ئاستى پاراخوتىغا قارشى ئۇرۇش قوراللىرى ئامېرىكانىڭ تىنچ ئوكيانىنىڭ شىمالىدا بۇيرۇق كۈتۈۋاتقان، چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەن ئۈچ دانە سۇ ئاستى پاراخوتىنى چۆكتۈرۈۋېتىدۇ. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىق ۋە كونترول قىلىش سىستېمىسىغا سوقۇنۇپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن، «كۆمۈش ئاققۇ» خىتاينى ئامېرىكا سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ ئېنىق ئورنى بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، خىتاينىڭ جەڭ پىلانىدا پاراخوتلارنىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەنىدى. جەڭ پىلانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش قوراللىرى سەپلەنگەن ئۇچقۇچىسىز ئاپتوماتىك ئايروپىلانلار ئامېرىكانىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى بىر قىسىم بازىلىرىغا تىنىمسىز ھۇجۇم قىلاتتى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىستىخبارات تارمىقى ياپونىيە، ئوكىناۋا ۋە گۇئامدىكى ئاساسلىق ھاۋا ئارمىيە بازىلىرىنىڭ ئەتراپىغا جاسۇسلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بۇ جاسۇسلار ئايروپىلاننىڭ ھاۋا كىرىش ئېغىزىدىن كىرەلەيدىغان قىلىپ مەشىقلەندۈرۈلگەن، ھاشارەت چوڭلۇقىدىكى نەچچە مىڭلىغان ئاپتوماتىك ئۇچقۇلارنى قويۇپ بېرىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى ۋە توشۇغۇچى ئايروپىلانلارنى قوزغالغان ھامان پالەچلەندۈرۈش ئىدى.

ئامېرىكالىقلارغا قارىتىلغان بۇ ۋەيران قىلغۇچ زەربە ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش كۈنلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئامېرىكا رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى دېڭىز ساھىلىدا ياكى تاغدىكى داچىلىرىدا يازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىن ھۇزۇرلىناتتى.

**2020**-يىلى **8**-ئاينىڭ **30**-كۈنى تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە، خىتاينىڭ ئالىي رەھبىرى جاۋ لېجى (**Zhao LeJi**) جوڭنەنخەيدىكى ئىشخانىسىنىڭ سىرتىدىكى لىفت ئارقىلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك (مەخپىي) يەر ئاستى پويىز يولىغا چۈشۈپ نەچچە مىنۇتتىلا «غەربىي تاغ» يەر ئاستى بازىسىغا يېتىپ كەلدى. يەر ئاستى بازىسىدا، خىتاي مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى گېنېرال سۈي چاڭجۈن (**Cui Changjun**) جاۋ لېجىغا بارلىق تەييارلىقلارنىڭ پۈتۈپ بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق قوماندانلىق مودۇلى بولغان سېزىمچان ئېكرانلىق قول كومپيۇتېرىنى جاۋ لېجىغا تەڭلىدى. جاۋ لېجى ئېكراندىكى «قويۇپ بېرىش» كونۇپكىسىنى باستى ۋە ئۇرۇش رەسمىي باشلاندى ...

يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئۇرۇش سىنارىيەسى ئويدۇرما. لېكىن، خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى ھەربىي تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، خىتاينىڭ كەلگۈسىدە ئامېرىكاغا تۇيۇقسىز يەرشارى خاراكتېرلىك ھۇجۇم قوزغاش ئېھتىماللىقى تولىمۇ يۇقىرى.

خىتاي ئارمىيىسى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ **80**-يىللىرىدىن باشلاپلا، ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلماقتا. نۇرغۇن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆز ئىدىئولوگىيەسىدىن مەنبەلەنگەن يەر شارىغا خوجا بولۇش پىلانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە (ئامېرىكا بىلەن) شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىشقا تەييار. «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلگەندەك، خىتاي ئامېرىكانى مەغلۇب قىلىش ۋە ئاخىرىدا تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، «ھەرقانداق شەكىلدىكى توقۇنۇش»تىن باش تارتمايدۇ. مانا بۇ ئامېرىكا بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت تىركىشىشنىڭ رېئاللىقىدۇر.

ئالدىنقى بابلاردا دېيىلگەندەك، خىتاينىڭ غەيرىي سىممېترىك ئۇرۇش قوراللىرى ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشى ۋە تور ھۇجۇمىغا ئېغىر دەرىجىدە تايىنىدۇ. بۇلار خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئامېرىكا ھەربىي كۈچىنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىغا زەربە بېرىشتىكى يادرولۇق كۈچتۇر.

بۇ خىل ئىستراتېگىيەنىڭ نەتىجىسىدە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئۆزىنىڭ ھەربىي ھازىرلىقى جەريانىدا، بار كۈچىنى بۇ ۋە باشقا ساھەلەردىكى ئەڭ مۇھىم قورال دەپ قارالغان مۇشۇ خىل (غەيرىي سىممېترىك) قوراللارغا مەركەزلەشتۈردى. بۇلار تور ۋە ئالەم بوشلۇقىدىن باشقا، ئاۋىياماتكىغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئامېرىكا تۈپرىقىغا قاتتىق زەربە بېرىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ھەربىي تېخنىكا ۋە ئىستراتېگىيىلىك يادرو قوراللىرى قاتارلىق باشقا

قوراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بېيجىڭنىڭ مۆلچەرىچە بولغاندا، (بۇلار ۋەيران قىلىنمىغان تەقدىردە) ئامېرىكانىڭ يەرشارى مىقياسىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى ئاخىرىدا خىتاينىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئاساس قىلغان ئازادلىق ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

ئامېرىكانىڭ خىتايغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسەت ئەمەلدارى مۇنداق دېدى: «بۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى يا تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەپ ئامېرىكاغا يېتىشىۋالدى، يا بىزدىن ئېشىپ كەتتى».

تىنچ ئوكيان فىلوتىنىڭ سابىق ئىستىخبارات مۇدىرى، پېنسىيەگە چىققان دېڭىز ئارمىيىسى كاپىتانى جېيمىس فانېل (**James Fanell**) خىتاي دېڭىز ئارمىيىسىنى خىتاينىڭ «يەر شارىغا خوجا بولۇش ئىستىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاۋانگارت قوشۇنى» دېگەنىدى. خىتاي **2019**-يىلىغىچە، ھەيران قالارلىق دەرىجىدە **330** دانە ئۇرۇش پاراخوتى ۋە **66** دانە سۇ ئاستى پاراخوتىنى ئىشقا كىرىشتۇردى، تېخىمۇ كۆپ پاراخوتلار داۋاملىق ياسىلىۋاتىدۇ. فانېل مۇنداق دېدى: «**2030**-يىلىغا بارغاندا، خىتاي دېڭىز ئارمىيىسى تەخمىنەن **550** پاراخوتتىن تەركىب تاپىدۇ: بۇنىڭ ئىچىدە **450** سۇ ئۈستى پاراخوتى ۋە **99** سۇ ئاستى پاراخوتى بار بولىدۇ. تېخنىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇرۇش پاراخوتى ۋە سۇ ئاستى پاراخوتى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە سۈرئىتى جەھەتتە ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن تېزلا تەڭلىشىۋالدى». ئۇ يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئاساسلىق خەتەر شۇكى، ئامېرىكا **2020**-يىلدىن باشلاپ خىتاي بىلەن ئۇرۇش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان <ئون يىللىق تەشۋىش>كە دۇچ كېلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئويلىمىغان بىر قىسىم ئىشلار ھەربىي توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقارمىغان بولسا، **2020**-يىلغا، يەنى شى جىنپىڭ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىگە تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىشقا تەييار بولۇش ئۈچۈن بەرگەن ئاخىرقى چەككە يەتكەندە، ئەنە شۇ ۋاقىتتا بىز خىتاينى ئۇرۇش قوزغىشى مۇمكىن دەپ قارىساق بولىدۇ» **(1)**.

نوقۇل پاراخوتلارنىڭ سانىدىنلا خىتاينىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھەقىقىي كۆلىمىنى بىلگىلى بولمايدۇ. خىتاينىڭ ياسىلىۋاتقان ئۇرۇش پاراخوتلىرى پەۋقۇلئاددە ئىلغار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىلغار قوراللار ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىقلار سەپلەنگەن. بۇ تېخنىكىلارنىڭ خىتايغا چەكلىمىسىز يول قويۇلغان **30** يىل جەريانىدىكى تور جاسۇسلۇقى ۋە باشقا تېخنىكا ئوغرىلىقلىرى ئارقىلىق ئامېرىكادىن ئوغرىلانغان بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى. مەسىلەن، خىتاي (ئۆز ئارمىيەسىگە) يۇقىرى سۈرئەتلىك ئوقبېشى ئاتىدىغان ئېلېكتر ماگنىتلىق زەمبىرەك سەپلىمەكتە. بۇ قورال سىستېمىسى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئامېرىكانىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بىردىنبىر تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى بولىدۇ دەپ مۆلچەرلەنگەنىدى. ئەمما **2019**-يىلى **1**-ئايدا، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى **072-III** تىپلىق قۇرۇقلۇققا چىقىش پاراخوتىنىڭ بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئېلېكتر ماگنىتلىق زەمبىرەكنىڭ سۈرىتىنى ئېلان قىلدى. بۇ قورال ئېلېكتر ماگنىت ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ، پارتلىمايدىغان زەمبىرەك ئوقى ئارقىلىق نىشانغا ھۇجۇم قىلىدۇ (يەنى بۇنىڭدا ساپ تۆمۈر ياكى پولاتتىن ياسالغان پارتلاش خۇسۇسىيىتى يوق توپلار پەۋقۇلئاددە يۇقىرى سۈرئەتتە نىشانغا ئېتىلىدۇ، ت). بۇ خىل زەمبىرەكلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قوللىنىش تەننەرخى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭكىدىن تۆۋەن، ئەمما ئېتىش مۇساپىسى تېخىمۇ ئۇزۇن ۋە قىرىش كۈچى تېخىمۇ يۇقىرى.

مەزكۇر ئېلېكتر ماگنىتلىق زەمبىرەك تېخنىكىسىنى خىتاي بىر قانچە يىل ئىلگىرى كالىفورنىيەدىكى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە ھۆددىگەرلىك شىركىتىنىڭ ئېلېكتر ئىنژېنېرى چى ماك (**Chi Mak**) باشچىلىقىدىكى خىتاي جاسۇسلۇق تورى ئارقىلىق ئوغرىلىغان. چى ماك خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىگە ئېلېكترماگنىتلىق ئايروپىلان قويۇپ بېرىش سىستېمىسى (**EMALS**) توغرىسىدا ئۇچۇر بەرگەن. مەزكۇر دېڭىز ئارمىيىسى تېخنىكىسى ئەڭ يېڭى ئاۋىياماتكىنىڭ ئايروپىلان قويۇپ بېرىشى ئۈچۈن سەپلىنەتتى. بۇنىڭدا پار ئارقىلىق قويۇپ بەرگۈچنىڭ ئورنىغا ئېلېكتر ماگنىت تېخنىكىسىنى ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل قويۇپ بېرىش تېخنىكىسى

ئېلېكتر ماگنىتلىق زەمبىرەك تېخنىكىسىغا ئوخشايدۇ. چى ماك 2012-يىلى ئېلېكتر ماگنىت تېخنىكىسى ۋە باشقا تېخنىكىلارنى خىتايغا بەرگەنلىكى ئۈچۈن 24 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. مەن «دۈشمەنلەر: 2» ناملىق كىتابىمدا يازغاندەك:

چى ماك خىتايغا بەرگەن ئېلېكترماگنىتلىق ئايروپىلان قويۇپ بېرىش سىستېمىسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار خىتاي ئارمىيىسىگە ئاۋىياماتكىدىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق ئايروپىلان قويۇپ بېرىش سىستېمىسىنى قانداق بەرپا قىلىشنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، يەنە خىتاي ئارمىيىسىگە «ئېلېكتر ماگنىتلىق زەمبىرەك»نى قانداق ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ ئۆگەتتىدۇ. «ئېلېكتر ماگنىتلىق زەمبىرەك» ئېلېكترماگنىتلىق ئايروپىلان قويۇپ بېرىش سىستېمىسى تېخنىكىسىنى ئىشلىتىپ ئاۋاز تېزلىكىنىڭ يەتتە ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان سۈرئەتتە، 300 مىل مۇساپىگە بومبا (راكېتا، توپ ئوقى) قويۇپ بېرەلەيدىغان قورالدۇر. ئامېرىكا DD(X) دەپ ئاتالغان كېيىنكى ئەۋلاد قوغلىغۇچى پاراخوتقا بۇ يۇقىرى تېخنىكىلىق قورالنى سەپلەشنى ئويلىشىۋاتىدۇ. چى ماك DD(X) دىكى ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيدىغان بولۇپ، مەزكۇر ئۇچۇرلارنى خىتاي ئارمىيىسىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن.

باشقۇرۇلىدىغان بومبا يەنىلا خىتاينىڭ ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك قورالى بولۇپ، بەشبۇرجەكلىك بىنا 2018-يىلى 2-ئايدىن باشلاپ ئېلىپ بارغان DF-ZF تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەخپىي باھالاش نەتىجىسىدىن بۇ خىل باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ توختاۋسىز تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقانلىقى تېخىمۇ نامايەن بولدى. ئەمەلدارلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، مەزكۇر ئىستىخبارات مۆلچەرى تۆۋەندىكىچە: خىتاي ئاۋاز سۈرئىتىدىن تېز ھۇجۇمچان قوراللارنى ياساش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى ئىلگىرى سۈردى، مەزكۇر پىلان ئاللىقاچان تەرەققىيات پروگراممىسىدىن رەسمىي سىستېمىغا ئايلاندۇرۇپ بولۇندى. ئىستىخبارات دوكلاتىغا كۆرە، DF-ZF مۇ قىتئەلەر ئارا ئېتىش مۇساپىسىغا ئىگە بولىدۇ.

ئىلگىرى خىتاينىڭ DF-31 ۋە DF-4 قاتارلىق يېڭى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ياساپ چىقىشىغا نەچچە ئون يىل ۋاقىت كېتەتتى. بۈگۈنكىگە سېلىشتۇرغاندا، خىتاينىڭ سۈرئىتى ئاۋازنىڭكىدىن تېز باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ياساپ چىقىش سۈرئىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. 2014-يىلى 1-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇش سىنىقىدىن تارتىپ، 2020-يىلى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنگىچە بولغان ئالتە يىللىق سىناق، شۇنداقلا شۇنىڭ ئالدىدىكى تەخمىنەن تۆت يىللىق تەتقىقات سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، بۇ ئامېرىكىنىڭ بارغانسېرى كۆپچىيىۋاتقان باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى مەغلۇپ قىلالايدىغان، ئاۋازدىن يەۋقۇلئاددە تېز قورالغا ئىگە بولۇشىنىڭ خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى گەۋدىلەندۈردى. خىتاينىڭ DF-ZF تىپلىق لەيلىمە باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 7500 مىل (تەخمىنەن 12070 كىلومېتىر، ت) دىن ئېشىپ كەتكەندە، ھېچقانداق باشقۇرۇلىدىغان بومبا توسقۇچ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سۈنئىي ھەمراھى ۋە سېنزورلىرىمۇ بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى قوغلىيالمايدۇ. خىتاينىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك لەيلىمە باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى بار بولغان ئەھۋالدا، ئامېرىكا يېڭى تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىلىرىنى ياساپ چىقمىغۇچە، باشقۇرۇلىدىغان بومبا مۇداپىئە ئىشلىرىغا سالغان نەچچە ئون مىليارد دوللار مەبلىغى بىكارغا كەتكەن بولىدۇ.

ھاۋا ئارمىيىسى گېنېرالى جون ھايتېن (John Hyten): «بىزنىڭ مۇداپىئە سىستېمىمىز باشقىلارنى چۈچۈتىدىغان قورالىمىزدۇر» دېگەنىدى. ئامېرىكىنىڭ خىتاي ياكى روسىيەنىڭ يېڭىدىن ياسىلىۋاتقان، ئاۋازدىن يەۋقۇلئاددە تېز باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىغا قارشى بىۋاستە مۇداپىئە سىستېمىسى يوق.

«ئەگەر سىز ئاۋازدىن يەۋقۇلئاددە تېز باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلىنى

كۆزىتىدىغان بولسىڭىز، بىرىنچى باسقۇچ باللىستىك، ئەمما ئىتىش مۇساپىسى بىر قەدەر قىسقا بولىدۇ. بىز ئالدىمىزدا كۆرىدىغان بۇ باسقۇچتا ...رۇسىيەنىڭ ۋە خىتاينىڭ ئۇنى رويايقا چىقارغانلىقىنى كۆرەلەيمىز» دېدى هايتېن 2019-يىلىنىڭ بېشىدا.

هايتېن دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىق بەرگەندە مۇنداق دېدى: «ئاۋازدىن پەۋقۇلئاددە تېز باشقۇرۇلىدىغان بومبا باسقۇچى باشلانغاندىن كېيىن، سېنزورىمىز ئاساسەن باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى بايقىيالمايدۇ، بىز باشقۇرۇلىدىغان بومبا نىشانغا تېگىپ بولغاندا ئاندىن ئۇنى كۆرەلەيمىز». تۆت يۇلتۇزلۇق گېنېرال هايتېن دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاۋازدىن پەۋقۇلئاددە تېز باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى سېنزور ياساپ چىقىشقا ياردەم بېرىشىنى مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ ئاۋازدىن پەۋقۇلئاددە تېز باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ تەھدىتى توغرىسىدا: «ئەگەر ئۇنى كۆرەلمىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى قوغدىيالمايسىز» دېدى.

ئاۋازدىن پەۋقۇلئاددە تېز باشقۇرۇلىدىغان بومبا پەقەت خىتايدا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يۇقىرى تېخنىكىلىق قورال ۋە تېخنىكىلاردىن بىرىدۇر.

خىتاي ھەربىي ئىشلار تەھلىلچىلىرىگە كۆرە، خىتاي ئۆز تۇپرىقىنىڭ سىرتىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئالتە ئاۋىياماتكىنى ياساش باسقۇچىدا بولۇشى مۇمكىن. خىتاينىڭ تۇنجى ئاۋىياماتكىسى ئۇكرائىنادىن سېتىۋېلىنغان، تاماملانمىغان ۋارياگ (Varyag)ناملىق ئاۋىياماتكا ئىدى. خىتاي «ئىچى بىكارلىۋېتىلگەن مەزكۇر ئاۋىياماتكا شەخسىيلەر تەرىپىدىن سېتىۋېلىندى، ئۇلار ئۇنى ئاۋمېنىدىكى لەيلىمە قىمارخانىغا ئايلاندۇرماقچى» دەپ دۇنيانى ئالدىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ پاراخوت دالىيەن پورتىغا سۆرەپ كېلىندى ۋە 2012-يىلى «لياۋنىڭ» ناملىق ئاۋىياماتكا سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. 2019-يىلى دېڭىزدا سىناق قىلىنىۋاتقان ئىككىنچى ئاۋىياماتكا خىتاينىڭ تۇنجى «يەرلىك» ئاۋىياماتكىسى بولۇپ، نۆۋەتتە خىتاينىڭ يادرو ئېنېرگىيەلىك ئاۋىياماتكىسمۇ ياسىلىۋاتىدۇ (خىتاينىڭ گېرمانىيەدە زايوم تارقىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن 1 مىليارد دوللارنى ھەربىي پاراخوتلارنى ياساشقا ئىشلىتىشى توغرىسىدىكى 8-بابقا قاراڭ)

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە تەتقىقات شىركىتى جېينىس (Jane's) ئامېرىكا - خىتاي كومىتېتى ئۈچۈن تەييارلىغان دوكلاتقا كۆرە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئاچقۇچلۇق ساھەلەردە ئىلغار قوراللارنى شىددەت بىلەن تەتقىق قىلىۋاتىدۇ (3). ئالدىنقى بابلاردا بايان قىلىنغىنىدەك، خىتاي ئالەم بوشلۇقى، تور ۋە ئېلېكترون ساھەلىرىدە، غەيرىي ئەنئەنىۋى، يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇرۇش قىلىشقا ئاكتىپلىق بىلەن تەييارلىق قىلماقتا، بۇ تەسىر كۈچىنى زورايتىش، تونۇش باشقۇرۇش، سىياسىي ئۇرۇش ۋە پسىخولوگىيىلىك تىزگىنلەشلەردىن مۇرەككەپ ئۇسۇلدا پايدىلىنىش قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللار يەنە خىتاينىڭ نەچچە مىڭلىغان باللىستىك ۋە چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ھەرىكەتچان ئۇقبېشىنى؛ قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ۋە ئالەم بوشلۇقىدىكى نىشانلارغا ئىشلىتىلىدىغان يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك لازېر قوراللىرىنى ۋە ئېلېكتروماگنىتلىق زەمبىرەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىتاينىڭ ھەربىي ساھەگە ئىشلىتىلىدىغان سۈنئىي ئەقىل يۈمشاق دېتاللىرىغا سالغان زور مىقداردىكى مەبلەغلىرى مېۋە بەرگەن ۋە قوراللارغا ئىشلىتىلگەندە، بۇ يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللارنىڭ ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

ئىلغار ئۇرۇش سىستېمىلىرىنىڭ ئىچىدە، قىرغىن قىلىش كۈچى تېخىمۇ زور بولغىنى خىتاينىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان، سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنى بايقاش ۋە ۋەيران قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەمسىز ئۇچقۇ ۋە ئادەمسىز سۇ ئاستى كېمىسى قاتارلىق ئادەمسىز قورال سىستېمىلىرىدۇر. بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ 2015-يىلىدىكى خىتاي ئارمىيىسى توغرىسىدىكى يىللىق دوكلاتىدا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 2023-يىلىغا بارغاندا 42 مىڭغا يېقىن قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنى ئاساس قىلغان ئۇچقۇچىسىز قورال ۋە سېنزور سۈپىسىنى ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقى ئاشكارىلانغانىدى، بۇ ئىنتايىن زور بىر قوشۇندۇر.

سونار (ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ياكى سۇ ئاستىدىكى جىسىمنىڭ ئورنىنى ئېنىقلايدىغان ئاۋاز دولقۇنى ئۇسكۇنىسى، ت)دىن ساقلىنالايدىغان ئادەمسىز سۇ ئاستى كېمىلىرى ئامېرىكاغا ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىدە ياساپ چىقىلغان. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ گېزىتىدىكى بىر خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: «سۇ ئاستىدىكى ھۇجۇم ۋە مۇداپىئە ھەرىكەتلىرى دېڭىزدىكى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشتىكى ئاساسلىق جەڭ مەيدانىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە دېڭىز ھەرىكىتىدە ئۇستۇنلۇكنى قولغا كەلتۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ» (4). خىتاينىڭ ئادەمسىز سۇ ئاستى كېمىلىرى تەتقىقات پاراخوتلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان، ئوكيانىنىڭ ئەڭ تېگىدىن سۇنئىي ھەمراھقا ئۇلىنالايدىغان سۇ ئاستى سېنزور تورىغا تايىنىدۇ. سۇنئىي ئىدراك ئىقتىدارىغا ئىگە، ئىنسانلارنىڭ كونتروللۇقىسىزلا ھەرىكەت قىلالايدىغان ئادەمسىز سۇ ئاستى كېمىلىرى نىشانىنى ئاپتوماتىك بېكىتىدۇ، شۇنداقلا (شۇ نىشانغا قارىتا) ماس قەدەملىك ھۇجۇم تەشكىللەيدۇ ۋە باشلايدۇ. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى بۇنى «سۇ ئاستى ئەرۋاھ ئۇرۇشى» دەپ ئاتايدۇ.

خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: «مەلۇم بىر كىرىزىس ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىشتىن ئىلگىرى، مەزكۇر <ئەرۋاھ> قوراللارنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇللىرى دېڭىز يۈزىدىن بەكلا چوڭقۇر جايلارغا ياكى دۈشمەن پاراخوتلىرى چوقۇم ئۆتىدىغان مەلۇم بىر ئىستراتېگىيەلىك دېڭىز قانىلىنىڭ ياكى دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئاستىغا <پەسترما قويۇش> قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ خىل قوراللارنى ئالەم بوشلۇقىدىكى ياكى دېڭىزدىكى تۆۋەن چاستوتىلىق سىگنال سىستېمىسى ئارقىلىق قوزغىتىپ، ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىپ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ھۇجۇم قوزغىيالايدىغان، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۇ ئاستى ئۇرۇش سىستېمىسى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ». ئادەمسىز سۇ ئاستى كېمىلىرى يەنە مۇقىم نىشانلارنى سۇ ئاستىدىن قامال قىلىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ خىل ئىقتىدار خىتاينى سۇ ئاستى «سەددىچىنى» بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ سۇ ئاستى «سەددىچىنى»نىڭ مەقسىتى ئامېرىكانىڭ دېڭىز ئاستى ئۇرۇشى ۋە سۇ ئاستى پاراخوتىغا قارشى ئۇرۇشتىكى خىتايغا قارشى ئەڭ زور ھەربىي ئەۋزەللىكىگە جەڭ ئېلان قىلىشتۇر.

خىتاي ئۆزىنىڭ «سۇنئىي ئەقىل» سەپلەنگەن، ئۈيلاش، ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەمسىز سۇ ئاستى كېمىلىرىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ ئۈچچە ھۇجۇم قوزغاشنى پىلانلىماقتا. دۆلەت مۇداپىئە تەھلىلچىلىرى «ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەمسىز قوراللار كەلگۈسى جەڭگاھقا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. شۇنداقلا ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى ھەربىي كۈچ تەڭپۇڭلۇقى كىمنىڭ ئاۋۋال ئەڭ پىششىق يېتىلگەن سۇنئىي ئەقىل تېخنىكىسىنى ۋە بۇ خىل تېخنىكا سەپلەنگەن ئادەمسىز قوراللارنى ئىگىلىشىگە باغلىق» دەپ پەرەز قىلىشماقتا.

خىتاينىڭ **DF-21D** ۋە **DF-26** دىن ئىبارەت پاراخوتقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنىڭ ھەرىكەتچان ئوقبېشى خىتاينىڭ قورال – ياراغ ئامبىرىدىكى يەنە بىر ئىلغار قورالدۇر. بۇ خىل ئاتموسفېرا قاتلىمىغا قايتىپ كېلەلەيدىغان تۇشۇغۇچلار، بولۇپمۇ **DF-ZF** گە ئوخشاش ئاۋازدىن پەۋقۇلئاددە تېز باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار (ئامېرىكا ۋە باشقىلارنىڭ) باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىغا تەھدىت سالىدۇ، شۇنداقلا ئېلېكتروماگنىتلىق زەمبىرەك، ئاۋازدىن پەۋقۇلئاددە تېز قوراللار، (ئىئون قوراللىرى، لازېر قوراللىرى، ئېلېكتروماگنىتلىق قوراللار دېگەندەك، ت) ئېنېرگىيە قوراللىرى ۋە باشقا ئىلغار ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش تېخنىكىلىرى ۋە ئۇقۇملىرى قاتارلىق تېخىمۇ يېڭى ئىلغار قوراللارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ. ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوخشاشلا تەتقىق قىلىۋاتقان ئەڭ يېڭى دۆلەت مۇداپىئە ئۇقۇملىرىنىڭ بىرى «قويۇپ بېرىشنى ئالدىن تىزگىنلەش»تۇر. بۇ دۈشمەننىڭ قويۇپ بېرىلىش ئالدىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە

قورال سىستېمىلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى كونترول قىلىش، ئالاقە، يول باشلاش ۋە سېنزور سىستېمىلىرىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى توسۇشنى مەقسەت قىلغان تور، ئېلېكترون، لازېر ياكى ئەنئەنىۋى پارتلىتىش ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

خىتاينىڭ ئىلغار ئۇرۇش ھەققىدىكى يەنە بىر يېڭى ئۇقۇمى «تارقاق قىرغىن قىلىش كۈچى»دۇر. مەزكۇر ئۇقۇمنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى نۇسخىسىدا «ھۇجۇم گۇرۇپپىلىرى ۋە باشقا مەركىزىي نۇقتىلاردىكى قوشۇنلارنى بىر يەرگە جۇغلاشنىڭ ئورنىغا، ئۇرۇش پاراخوتلىرى مۇداپىئە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تارقىلىپ كېتىدۇ ۋە ئېلېكترونلۇق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ تۇرىدۇ» دېيىلگەن. دېڭىزدىكى «تارقاق قىرغىن قىلىش كۈچى» جەھەتتە، مەزكۇر يېڭى ئۇقۇم زور مىقداردا يېڭى تىپتىكى ئۇرۇش پاراخوتى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئىگە خىتاينى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈشى مۇمكىن.

ئاۋازدىن پەۋقۇلئاددە تېز ھۇجۇم قوراللىرى تېخىمۇ مۇقىمسىز يېڭى قوراللارنىڭ بىرىدۇر. خەۋەردە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «مەزكۇر قوراللارنىڭ ئاۋازدىن پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئىتى ۋە كەلگۈسىدىكى تېزگىنلىنىشچانلىقىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئۇلارنى تېخىمۇ زور ھۇجۇمچانلىققا ئىگە قىلىدۇ ۋە ئالدىن قول سېلىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇلار يەنە ئاۋازدىن پەۋقۇلئاددە تېز باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئېنېرگىيە قوراللىرى ۋە ئېلېكتروماگنىتلىق زەمبىرەككە ئوخشاش باشقا ئىلغار قورال سىستېمىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەۋەب بولىدۇ» (5).

خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى سۈنئىي ھەمراھقا قارشى لازېر قوراللىرىنى ياساشتىن سىرت، يەنە ئادەمسىز ئۇچقۇچقا تاقابىل تۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان، قول لازېر قورالى ۋە ئاممىنى باشقۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان جان ئالماس لازېر قوراللىرىنىمۇ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. خەۋەردە يەنە: «خىتاينىڭ ئېنېرگىيە قورالى پروگراممىسى ئادەمسىز ئۇچقۇچقا قارشى تۇرۇشتا قوللانغىلى بولىدىغان، ھەم قولدا ئىشلىتىلىدىغان قوراللارنى، ھەم ماشىنىغا ئورنىتىلغان قوراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېيىلگەن. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى يەنە ئادەملىك ۋە ئادەمسىز پاراخوتلىرىغىمۇ لازېر قوراللىرى ئورنىتىشقا ئۇرۇنماقتا، شۇنداقلا بۇلار جىددىيچىلىك ئىچىدىكى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا كارغا كېلىشى مۇمكىن.

ئېلېكتروماگنىتلىق زەمبىرەك خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كونتەرتىپىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان قورال بولۇپ، پاراخوتقا بۇ خىل زەمبىرەكنىڭ ئورنىتىلغانلىقى خىتاينىڭ بۇ جەھەتتىكى تەرەققىياتىنىڭ ناھايىتى تېز بولۇۋاتقانلىقىنى گەۋدىلەندۈردى. خىتاي ھەم ھۇجۇم قىلىشقا، ھەم باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئېلېكتروماگنىتلىق زەمبىرەك ياساپ چىقىشقا ئۇرۇنماقتا.

خىتاينىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى بىخەتەر كۋانت ئالاقە سىستېمىسى بەرپا قىلىش پىلانى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە پىلانلىغۇچىلىرى ۋە ئىستىخبارات تەھلىلچىلىرىنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق ئەندىشىسىدۇر. خىتاي 2016 – يىلى 8 – ئايدا، يەنى تۇنجى كۋانت ئالاقە سۈنئىي ھەمراھىنى قويۇپ بەرگەندە مەزكۇر پىلانىنى جاكارلىغانىدى. مەزكۇر سۈنئىي ھەمراھ «0» ۋە «1»لەردىن تەركىب تاپقان نۆۋەتتىكى رەقەم تېخنىكىسىنىڭ ئورنىغا كۋانت بىتى (qubits)، يەنى كۋانت نەزەرىيەسىگە كۆرە ئوخشىمىغان ھالەتلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان ئېنېرگىيە ئارقىلىق ئالاقە قىلاتتى. خىتاينىڭ كۋانت ئالاقە سىستېمىسى بۇزغىلى بولمايدىغان مەخپىي شىفىر تورى بەرپا قىلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. ئۇ ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىكى ناھايىتى ئىقتىدارلىق شىفىر يەشكۈچىلەرگە ۋە ئېلېكترونلۇق جاسۇسلارغا تايانغان ئىستراتېگىيىلىك ئەۋزەللىككە توسقۇنلۇق قىلىدىغان تېخنىكىدۇر. خىتايدىكى مەلۇم بىر ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ 2018 – يىلى ئاشكارىلىشىچە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى كەلگۈسىدىكى كۋانت ئالاقە سىستېمىسىغا تەييارلىق كۆرۈش يۈزىسىدىن،

دۆلەت مىقياسىدىكى بارلىق قوشۇنلىرىغا يېڭىدىن ئوپىتىك تالالىق ئالاقە سىمى ئورنىتىپ چىققان. بۇ خىل كۋانت ئالاقە سىستېمىسى ئىنتايىن بىخەتەر بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق قوشۇن بەھرىمەن بولۇشقا ئىنتىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ھەربىي ئىقتىدارلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك ئەۋزەللىكتۇر.

**1980** – يىللىرى خىتاي ئامېرىكا بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، بېيجىڭدىكى ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىستراتېگىيەسى «پەيت كۈتۈپ، كۈچنى زورايتىش» بولۇپ كەلدى. **2019** – يىلىغا كەلگەندە، شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا، يېڭى بىر ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلدى. «**2019**-يىلىغا كەلگەندە، شى جىنپىڭ دەۋرىدە چوڭ بۇرۇلۇش بولدى. دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئامېرىكا-خىتاي ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ **2018** – يىلىدىكى يىللىق دوكلاتىدا «خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار يېڭى تاشقى ئىشلار ۋە ھەربىي سىياسەت كۆرسەتمىلىرىنى ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغدىشىنى ۋە خەلقئارا تەرتىپنى ئۆزگەرتىشكە پائال ھەرىكەت قىلىشىنى تەرغىب قىلىشى خىتاينىڭ چارەك ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى <پەيت كۈتۈپ، كۈچنى زورايتىش، يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈۋالماسلىق>تىن ئىبارەت يېتەكچى پىرىنسىپىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر» دېيىلدى.

دوكلاتنىڭ داۋامىدا: «خىتاينىڭ رايون (ئاسىيا)دىكى تالاش – تارتىش ئاستىدىكى تېررىتورىيەلەردە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەھدىتلىك پائالىيەتلىرى، ئىشپىيونلۇق ۋە تور ھەرىكەتلىرى، شۇنداقلا تەسىر كۈچى شەكىللەندۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئېغىر ئىختىلاپلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكا – خىتاي بىخەتەرلىك مۇناسىۋىتى يەنىلا جىددىيلىك ئىچىدە» دېيىلدى **(6)**.

مەزكۇر تارماقنىڭ سابىق ئىستىخبارات مۇدىرى، ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ پېنسىيەگە چىققان گېنېرال لېيتىناتى دېيۋىد دېپتۇلا **(David Deptula)** خىتاينىڭ ئاۋازدىن پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئەتلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى ئامېرىكانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەھدىتكە ئۇچرىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. «رېئال مۇداپىئە تېخنىكىلىرىنىڭ يوقلۇقى تۈپەيلى، دېڭىزدىكى پاراخوتلار ۋە قورۇقلۇقتىكى مۇقىم قىسىملار ئاۋازدىن پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئەتلىك قوراللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئاسانلا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال بىزنى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، <مەرۋايىت پورتى> ھۇجۇمىغا ئوخشاش ئەجەللىك زەربىگە ئۇچراش خەۋپىگە دۇچار قىلىدۇ» دەيدۇ ئۇ **(7)**.

ئامېرىكا ئارمىيىسى **1991**-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئەسكەر قىسقارتقان ۋە يېقىنقى **20** نەچچە يىلدا «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ھەرىكەتلىرىگە ھەددىدىن زىيادە كۈچەپ كەتكەنلىكتىن، شۇنداقلا خىتايغا قارشى يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇرۇش قىلىشقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، بۇ خىل تۇيۇقسىز ھۇجۇمنىڭ تالاپىتىگە بەرداشلىق بەرگۈدەك تەييارلىقى يوق. بۇنىڭغا ئامېرىكا ھەربىي خىراجەت خامچوتىنىڭ زور دەرىجىدە قىسقارتىلىشى قوشۇلۇپ، مەۋجۇت ھالەت ئامېرىكانىڭ بۇ خىل يېڭى تىپتىكى قوراللارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراش خەتىرىنى كۈچەيتىۋەتتى.

ئامېرىكا ئارمىيەسى خىتايغا ئوخشاش رەقىبنى يېڭىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭ **21** – ئەسىردىكى «چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇش»ىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىشى كېرەك.

قىرىق يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيەسى ئەنئەنىۋى ئۇرۇش ياكى يادرو ئۇرۇشىدا خىتاينى قانداق مەغلۇپ قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ باقمىدى. شۇنداقلا، چاۋشىيەن ئۇرۇشىدىكىدەك ئۇرۇش پىلانى ئاشكارىلىنىپ كېتىدىغان ئىشمۇ يۈز بەرمىدى. ئەينى چاغدىكى «**5027** ھەرىكەت پىلانى»دا چاۋشىيەن كورىيەگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان تەقدىردە، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قانداق جەڭ قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغانىدى.

خىتايغا قارشى ئۇرۇش پىلانى ھەققىدە ھېچقانداق گەپ – سۆزنىڭ بولۇنماسلىقىغا بارلىق دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاشكارا سورۇنلاردا خىتايغا ئۇرۇش ئېچىش توغرىسىدا گەپ قىلىشنى چەكلىگەن

پرىزدېنت بۇيرۇقى سەۋەب بولغان. ئالدىنقى بابتا قەيت قىلىنغىنىدەك، ئوباما ھۆكۈمىتى بەشبۇرجەكلىك بىناغا خىتاي بىلەن بولغۇسى توقۇنۇشنىڭ خەتىرىنى سۇسلاشتۇرۇپ كۆرسىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ ئازدۇرغۇچى سىياسەت بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ سابىق سىياسەت بەلگىلىگۈچىسى جوسېف ناي (Joseph Nye)نىڭ 1990 – يىللاردىكى باتىل نەزەرىيەسىنى ئاساس قىلغان. ناي كېيىنچە ئامېرىكا سىياسىي سەھنىسىدە ئالقىشقا ئېرىشكەن «خىتاي كومپارتىيەسى قانداق پائالىيەت قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئامېرىكانىڭ بېيجىڭنى دۈشمەن سۈپىتىدە كۆرىدىغان سىياسەت ۋە ھەرىكەتلىرى خىتاينى تەھدىتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ» دېگەن سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. خىتاي كومپارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قارىمىقىدىكى سىياسىي – ھەربىي قىسىملىرى ئاشكارا ھالدا «ئامېرىكا خىتاينىڭ مەغلۇب قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسلىق دۈشمىنىدۇر» دەپ جاكارلىغاندىن كېيىنمۇ، بۇ سەپسەتە يەنە نەشۋىق قىلىنىۋەردى. شۇنداقلا، بۇ باتىل نەزەرىيە تاكى دونالد ترامپ پرىزدېنت بولۇپ سايلانغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

ئامېرىكانىڭ ھىندى – تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شتابى خىتايغا قارشى ئۇرۇش پىلانى تۈزۈشكە مەسئۇل. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، خىتاينىڭ سىياسىي – ھەربىي نىشانلىرى ۋە غەرىزى ھەققىدىكى ناباب ئىستىخبارات مۆلچەرلىرى تۈپەيلى، مەزكۇر قوماندانلىق شتابىنىڭ (خىتايغا ئالاقىدار) ئۇرۇش پىلانلىرى تولىمۇ يۇمشاق بولۇپ كەلدى. بۇ ئىستىخبارات مۆلچەرلىرىنىڭ مەزمۇنى «خىتاينىڭ نىشانى رايون (ئاسىيا) بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ماھىيەت جەھەتتىمۇ ئاساسەن مۇداپىئە خاراكتېرلىك، شۇنداقلا (نەچچە ئون يىلدىن بۇيان) پەقەتلا تەيۋەنگە قارشى ھەربىي ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ خىل مۆلچەرلەرنىڭ نەتىجىسىدە، ئامېرىكانىڭ ھىندى – تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شتابىنىڭ ئۇرۇش پىلانى «خىتاي تەيۋەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان تەقدىردە تەيۋەنگە ھەربىي ياردەم بېرىشنى ئاساس قىلغان رايون خاراكتېرلىك توقۇنۇش» بىلەن چەكلىنىپ قالدى. ئالاھەزەل 2011 – يىلىدىن باشلاپ، مەزكۇر قوماندانلىق شتابىنىڭ ئۇرۇش پىلانى «ياپونىيە بىلەن خىتاي شەرقىي خىتاي دېڭىزىدىكى سېنكاكۇ ئارىلىنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلغان تەقدىردە، ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ياپونىيەنى قوغداش ئۈچۈن خىتايغا قارشى ئۇرۇش قىلىش»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلىپ كېڭەيتىلدى. يېقىندا، خىتاينىڭ كەڭ كۆلەمدە ئارال بەرپا قىلىش ئارقىلىق جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇشىغا ئەگىشىپ، ھىندى – تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شتابىنىڭ ھونولۇلۇدىكى مەرۋايىت پورتى (پېئارىل خاربور)غا يېقىن جايدىكى H.M.Smith بازىسىدا مەخپىي خىزمەت قىلىدىغان جەڭ پىلانلىغۇچىلىرى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا ئۇرۇش قىلىش لايىھەلىرىنىمۇ تۈزۈشكە باشلىدى.

لېكىن، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا قارىتا قانداق تەييارلىق كۆرۈش ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر تولىمۇ يېتەرسىز. خىتاينىڭ 2013 – يىلى نەشر قىلىنغان «ئىستراتېگىيەشۇناسلىق» ( 战 略 学 ) دېگەن كىتابى خىتاينىڭ ھەربىي تەپەككۇرى ھەققىدىكى ئابىدە خاراكتېرلىك ئەسەر دەپ قارىلىدۇ. مەزكۇر ئەسەردە خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك قۇرۇقلۇق ئىشغالىغا ئۇچراش ئېھتىماللىقىنىڭ تولىمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىنى ئويغا سالىدىغان تۆۋەندىكىدەك تونۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «ھوقۇقنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ۋە دۆلەت سىرتىدا چەكلىك دائىرىدە ئۇرۇش قىلىش ئېھتىماللىقى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. (بىز دۇچ كېلىدىغان) ئەڭ زور ئۇرۇش تەھدىتى ــــ كۈچلۈك رەقىبنىڭ يوشۇرۇن ئۇرۇش كۈچىمىزنى ھالاك قىلىپ، بىزنى تەسلىم قىلغۇزۇشنى مەقسەت قىلغان كەڭ كۆلەملىك، ئىستراتېگىيەلىك، تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدۇر. كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئۇرۇش تەھدىتى بولسا دېڭىزدىكى چەكلىك توقۇنۇشتۇر. بىز تەييارلىق قىلىشقا

تېگىشلىك ئۇرۇش ـــ بولۇپمۇ يادرو قوراللىرىنىڭ تەھدىتىنى نەزەردە تۇتقاندا ــ كەڭ كۆلەملىك، زور دەرىجىدە مەركەزلەشكەن، چەكلىك دېڭىز ئۇرۇشىدۇر» (8).

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى نۇرغۇن ئەمەلدارلار، ھەربىي رەھبەرلەر ۋە خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرى « خىتاينىڭ كوممۇنىست رەھبەرلىرى ئامېرىكانىڭ قانچىلىك ھەربىي كۈچى بارلىقىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكاغا ھۇجۇم قىلىش ئىشىدا ئالدىراقسانلىق قىلمايدۇ» دەپ قارايدۇ.

بۇ قاراش توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەت خىتاينىڭ نۇرغۇن قېتىم «ئالدىراقسانلىق» قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى بىر ئوربىتا سۈنئىي ھەمراھىغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىپ ئۇنى پارتلىتىۋېتىشتىن تەپ تارتمىدى. بۇ پارتلاشتىن كەلگۈسى نەچچە ئون يىلدا ھەم سۈنئىي ھەمراھلارغا، ھەم ئادەملىك ئالەم ئۇچقۇلىرىغا تەھدىت سالىدىغان، تېز سۈرئەتتە ھەرىكەتلىنىدىغان نەچچە ئون مىڭلىغان پارچىلار شەكىللەندى. دېمەك، بىز ئۈچۈن مۇھىمى شۇكى، بىز چوقۇم ئامېرىكانىڭ كەلگۈسى توقۇنۇشتا قانداق ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ۋە خىتاينى قانداق مەغلۇب قىلىدىغانلىقىنى خىتاينىڭ كوممۇنىست رەھبەرلىرىگە ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىرىغا بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەك. پرېزىدېنت ترامپنىڭ «كۈچ ئارقىلىق تىنچلىقنى كاپالەتلەندۈرۈش» سىياستى دەل مۇشۇنى مەقسەت قىلغان.

تۆۋەندىكىسى «مەرۋايىت پورتى» ھۇجۇمى تىپىدىكى يەرشارى مىقياسىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھۇجۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەلگۈسى ئۇرۇشتا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى مەغلۇب قىلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ئەنئەنىۋى ئۇرۇش پىلانىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدۇر.

مەزكۇر قايتۇرما ھۇجۇم ياكى ئالدىن ھۇجۇم قىلىش پىلانى داڭلىق خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى مايكېل پىلىزبېرىي (Michael Pillsbury)نىڭ دوكلاتىنى ئاساس قىلغان. ئۇ 2012 – يىلى خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ «16 ۋەھىمىسى»نى، يەنى خىتاينىڭ كەلگۈسى ئۇرۇشتا رەقىبى تەرىپىدىن پايدىلىنىلىشى مۇمكىن بولغان ئىستراتېگىيەلىك ئاجىزلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. مايكېل پىلىزبېرىي ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتى ئۈچۈن تەييارلىغان بۇ دوكلات بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ نەزەرىيەلىك باھالاش ئىشخانىسى (بۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ئىچكى ئاقىللار ئامبىرىدۇر، ت) ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان مەخپىي تەتقىقاتنىڭ تېخىمۇ كېڭەيتىلگەن، ئاشكارا نۇسخىسىدۇر. خىتاينىڭ 16 ۋەھىمىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: (9)

1. ياپونىيەدىن جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغىچە سوزۇلغان ئىككى ئارال زەنجىرى (ئارال زەنجىرى، ئامېرىكانىڭ سابىق دۆلەت سېكرېتارى جون فوستېر دۇلېس 1951 – يىلى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئۇقۇم بولۇپ، ھەم جۇغراپىيىۋى، ھەم سىياسىي ۋە ھەربىي مەنىگە ئىگە، ت) ئارىسىغا قاپسىلىپ قېلىش ۋەھىمىسى.

2. دېڭىز بايلىقلىرىنى باشقا دۆلەتلەرگە «تارتقۇزۇپ قويۇش» ۋەھىمىسى. بۇ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ دېڭىز ئارمىيەنى كۈچلەندۈرۈشىدىكى قوزغاتقۇچ ئامىل.

3. دېڭىز ئالاقە لىنىيەسىنىڭ، بولۇپمۇ نېفىت ئىمپورتىدا جان تومۇر ھېسابلىنىدىغان ئوتتۇرا شەرق نېفىت لىنىيەسىنىڭ توسۇلۇپ قېلىش ۋەھىمىسى. خىتاينىڭ ئۆز زېمىنىدا زور مىقداردا نېفىت زاپىسى بولمىغاچقا، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئىمپورتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئۇلارغا ناھايىتى ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

4. قۇرۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلىنىش ياكى زېمىنى-نىڭ پارچىلىنىپ كېتىش ۋەھىمىسى. تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلگىنىدەك، خىتاينىڭ بارلىق ھەربىي رايونلىرى ئاسانلا (چەتئەل) قۇرۇقلۇق قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى مۇمكىن.

5. شىمالدا رۇسىيە بىلەن چېگرالىنىدىغان رايونلاردىكى، بېيجىڭ ھەربىي رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ ھەربىي رايوننىڭ ئاجىزلىقىنى مەنبە قىلغان، برونېۋىك ھۇجۇمى ۋە پاراشوتچى قىسىمنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراش ۋەھىمىسى.

6. ئىچكى قىسىمدىكى مۇقىمسىزلىق، پاراكەن-

دىچىلىك، ئىچكى ئۇرۇش ياكى تېرورىزم ۋەھىمىسى. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى جازا لاگېرلىرىغا سولىۋالغانلىقى ۋە تىبەتتىكى باستۇرۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشى مۇشۇ خىل ۋەھىمىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

**7.** (شەرقىي تۈركىستان قاتارلىق جايلاردىن نېفىت ۋە تەبىئىي گازلارنى تالان – تاراج قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان، ت) يەر ئاستى تۇرۇبىلىرىغا ھۇجۇم قىلىنىش ۋەھىمىسى. بۇنى خىتاينىڭ ئېنېرگىيە يەتكۈزۈش تۇرۇبىلىرىنى قوغداش جەھەتتىكى نۇرغۇن ھەربىي مانېۋېرلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**8.** ئاۋىياماتكىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش ۋەھىمى-سى. بۇنىڭ خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئاۋىياماتكىلىرىنى چۆكتۈرۈۋېتىشنى مەقسەت قىلغان **DF-21D** ۋە **DF-26** تىپلىق پاراخوتقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**9.** كەڭ كۆلەملىك ھاۋا ھۇجۇمى ۋەھىمىسى. خىتاي بۇ سەۋەبلىك **2004** – يىلىدىن باشلاپ ئىلغار كۆرەشچى ئايروپىلانلارنى ۋە ئايروپىلاندىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىلىرىنى ياساشقا باشلىغان.

**10.** تەيۋەن مۇستەقىللىقى ۋەھىمىسى. تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقى خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان تەقدىردە، خىتاي بۇنى ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنىيلىقىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى تەيۋەننىڭ (ئامېرىكا تەرىپىدىن) غايەت زور ئاۋىياماتكا سۈپىتىدە پايدىلىنىلىشىنى ئۆزى ئۈچۈن غايەت زور خىرس دەپ بىلىدۇ.

**11.** خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تەيۋەننى «ئازاد» قىلغۇدەك قوشۇن ئورۇنلاشتۇرالماسلىق ۋەھىمىسى. خىتاينىڭ سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ھەرىكەت قىلالايدىغان جەڭ ئەسلىھەلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىن، ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش تەييارلىقىدىن ۋە زور مىقداردا باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەن چارلىغۇچى پاراخوتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن بۇ خىل ۋەھىمىنى ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

**12.** ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسىملىرىنىڭ زەربىدار ئەترەت، كاشىلا ئىستانسىسى ۋە دەل تېگىدىغان بومبا قاتارلىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش ۋەھىمىسى. خىتاي بۇ جەھەتتە باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسىملىرىنى ئالاھىدە قىسىمدىن، ھاۋا ھۇجۇمىدىن ۋە تور ھۇجۇمىدىن قوغداش مانېۋېرلىرىنى قىلىۋاتىدۇ.

**13.** كىرىزىسلەرنىڭ خىتاي تىزگىنلىيەلمەيدىغان دەرىجىدە ئەۋج ئېلىپ كېتىش ۋەھىمىسى. خىتاينىڭ ھەربىي قەلەمكەشلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتىكى ئەندىشىلىرىنى ئىپادىلىمەكتە.

**14.** تور ۋە ئۇچۇر ھۇجۇمىغا ئۇچراش ۋەھىمىسى. بۇنىڭغا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تور مۇداپىئە ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئىنتېرنېتنىڭ خىتاي خەلقىنى ھاكىمىيەتكە قارشى كۈشكۈرتۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىش مۇمكىنچىلىكى سەۋەب بولغان.

**15.** خىتاينىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچراش ۋەھىمىسى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى «بۇ بىزنىڭ مەڭگۈ ئاشكارىلانماسلىقى كېرەك بولغان مەخپىي قورالىمىز، بىز كەلگۈسىدە ئامېرىكا بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان تەقدىردە، ئامېرىكا بىزنىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىمىزغا ۋە ئۇنىڭ ياردەمچى سىستېمىلىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

**16.** رايوندىكى ھىندىستان، ياپونىيە ۋە رۇسىيەدەك قوشنىلىرىغا بولغان ۋەھىمە. خىتاي ئۆزىنىڭ دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قورشاۋىدا قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

«يۈز يىللىق مارافون» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مايكېل پىلىزبېرىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ۋەھىمىلەر مەركەزلىك ۋە ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك. بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ ئامېرىكا سىياسىتىگە قايتۇرغان ئىنكاسىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى خىتايغا قارىتا قايسى ئىستراتېگىيەنىڭ بەكرەك ئۈنۈمى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەشتە بۇ ئامىللارنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك».

ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان نەزەرىيىۋى ئۇرۇش پىلانلىرىدىن بىرى «**0689** ئۇرۇش پىلانى» دەپ ئاتالغان. (**0689** دېگەن) بۇ سان خىتاي ئارمىيەسى

1989 – يىلى 6 - ئايدا بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىدا قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق نامايىشچىلارنى باستۇرغان ۋاقىتقا ئۇدۇل كېلىدۇ.

نىشان: ھېچقانداق شەپىسىز، تۇيۇقسىز ھۇجۇم ئارقىلىق خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاش. بۇنىڭدىكى مۇددىئا ھەربىي ھۇجۇم ئارقىلىق، شۇنداقلا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك باشقا ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىدىكى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تۆت كۈچ مەركىزىنى، يەنى ئاداققى ھوقۇق مەركىزىنى كۆزدىن يوقىتىشتۇر. بۇ مەركەزلەر تۆۋەندىكىچە: (1) خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك قاتلىمى، بولۇپمۇ بەشتىن ئون بىرگىچە ئەزادىن تەركىب تاپقان، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى، «دائىمىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كوللېكتىپ دىكتاتورلۇق ئاپپاراتى. (2) خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك قاتلىمى، بولۇپمۇ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىرى. خىتاينىڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى خىتاي ئارمىيەسىنى كونترول قىلىدىغان بولۇپ، خىتاينىڭ ئەڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنىدۇر. (3) خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى ۋە راكېتاچى قىسىملىرى. (4) خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە غەربىي تىنچ ئوكيان بىلەن بولغان دېڭىز ئالاقە لىنىيەسىنى قامال قىلىش.

سىنارىيە: خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، باللىستىك ۋە چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى تەڭ ئىشلىتىپ، ئامېرىكانىڭ نەچچە ئونلىغان ئۇرۇش پاراخوتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇنىڭغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، پرېزدېنت ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇرۇش پىلانى بولغان «0689 ئۇرۇش پىلانى»نى ئىجرا قىلىشقا ھوقۇق بېرىدۇ.

«0689 ئۇرۇش پىلانى»نىڭ بىرىنچى باسقۇچى: خىتاينىڭ ھۇجۇمىدىن كېيىنلا، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى ئاۋىئاماتكا ھۇجۇم گۇرۇپپىسىنىڭ يېرىمىنى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەن ئۇرۇش پاراخوتلىرى ۋە سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ھىندى ئوكيانغا، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغا ۋە غەربىي تىنچ ئوكيانغا ئورۇنلاشتۇرۇۋالغۇدەك ۋاقىت ئۇتۇش ئۈچۈن دىپلوماتىك تەدبىرلەر دەرھال ئىشقا سېلىنىدۇ. بۇ (يەنى خىتاينىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا يۆتكىلىدىغان پاراخوتلار) باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەن، ھەربىرى «ئاپپالتا» ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن 154 نى قويۇپ بېرەلەيدىغان، تۆت دانە ئوخىيو دەرىجىلىك يادرو سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ ئۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ بەش ئاۋىئاماتكا ھۇجۇم گۇرۇپپىسى ۋە F-35 ئوتتۇرا ئەترىتى خىتايغا يېقىن جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. «ئۈچ ئۈچلۈق نەيزە» تىپلىق يادرو باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەن ئوخىيو دەرىجىلىك سۇ ئاستى پاراخوتىدىن بەشى ھىندى ئوكيانغا ۋە غەربىي تىنچ ئوكيانغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشلار «مەزكۇر ھەرىكەت قوراللىق تەھدىت سۈپىتىدىكى ئىستراتېگىيەلىك شەپە بېرىش ھەرىكىتىدۇر» دېگەن شەكىلدە تاراتقۇلارغا ئاشكارىلىنىدۇ، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت «0689 ئۇرۇش پىلانى»نىڭ يادرو ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. نۇرغۇن ئىستىخبارات تەھلىلچىلىرى «خىتاي بىلەن ئامېرىكا خىتاي تېررىتورىيەسىگە قىلىنغان ھۇجۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش قىلىپ قالسا، خىتاي دەرھال يادرو قوراللىرىنى ئىشقا سالىدۇ» دەپ پەرەز قىلىشماقتا.

بۇ باسقۇچتا، ئامېرىكا ئىستىخبارات تارماقلىرى نىشان تىزىملىكىنى يېڭىلاش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ نىشانلاش ئىشلىرىغا ياردەم قىلىدۇ. بۇ تىزىملىك خىتاينىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي رەھبەرلىرىنىڭ سالاھىيىتى ۋە تۇرۇۋاتقان ئورنى؛ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بىزگە بىلىنگەن يەر ئۈستى – يەر ئاستى بازىلىرىدىكى ھەرىكەتچان قويۇپ بەرگۈچتىن قويۇپ بېرىلىدىغان ئوتتۇرا مۇساپىلىق، يىراق مۇساپىلىق ۋە قىتئەلەر ئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنىڭ ئورنى؛ شۇنداقلا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئاساسلىق سۇ يۈزى ۋە سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ ئورنى قاتارلىقلارنى

(بۇ جەرياندىكى) ئۇچۇر ئۇرۇشى ئامېرىكانىڭ ھەربىي ھۇجۇمى باشلانغاندىن كېيىن، تەيۋەن بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇنىڭ رەسمىي مۇستەقىللىقىنى جاكارلاش، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان، ئىچكى موڭغۇلىيە ۋە تىبەت قاتارلىق رايونلاردىكى يەرلىك خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(مەۋجۇت ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن) ئورۇنباسار ھۆكۈمەت تەشكىللەيدىغان ئەمەلدارلارغا زەخمە يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نىشانلاش داۋامىدا خىتاي كومپارتىيەسى ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىدىكى ئىسلاھاتپەرۋەر رەھبەرلەرنىڭ سالاھىيىتى ئېنىقلاپ چىقىلىدۇ.

كۆپلىگەن ئالاھىدە ھەرىكەت قىسىملىرى ئېلېكتىر ئىستانسىسىلىرىنى پالەچلەندۈرۈش ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىگە بىۋاسىتە ھەرىكەت قوللىنىش ئۈچۈن خىتايغا كىرگۈزۈلىدۇ. زەربىدار ئەترەتمۇ ھەرۋاقىت تور ۋە ئۇچۇر ئۇرۇشى قوزغاشقا تەييار تۇرىدۇ. ياپونىيە، گۇئام ئارىلى ۋە ئوكىناۋا قاتارلىق جايلارنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھۇجۇمىغا ئۇچراش مۇمكىنچىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، خىتاينىڭ ئەتراپىدىكى ھالقىلىق جايلاردىكى ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قوراللىرى كۆپەيتىلىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ: ئامېرىكانىڭ رەسمىي ھۇجۇمى خىتاي كومپارتىيەسى دائىمىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئامېرىكانىڭ دىپلوماتىك تەشەببۇسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن يىغىن ئېچىۋاتقاندا باشلىنىدۇ. يىغىن ئاۋۋالقىدەكلا جوڭنەنخەيدە ئېچىلىدۇ، شۇنداقلا قائىدىگە بىنائەن، ئەزالار يىغىنغا (تېلېفون ياكى تور ئارقىلىق ئەمەس) بىردەك نەق مەيداندا قاتناشمىسا بولمايدۇ.

خىتاي رەھبەرلىرى يىغىن ئېچىشنى باشلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا پرېزدېنتى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ چوقۇم دەرھال ئىستېپا بېرىشى كېرەكلىكىنى، بولمىسا ھەممىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

پرېزدېنتنىڭ جاكارىدىن كېيىنلا، خىتاي رەھبەرلىرى يەر ئاستى مەخپىي تۆمۈر يولى ئارقىلىق بېيجىڭنىڭ سىرتىدىكى بىخەتەر «غەربىي تاغ» قوماندانلىق مەركىزىگە قېچىشقا باشلايدۇ.

ئۇرۇشتىكى ئەڭ دەسلەپكى بومباردىمان قىلىش ھەرىكىتىدە، **B-2** تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلان جوڭنەنخەيگە، «غەربىي تاغ» يەرئاستى قوماندانلىق مەركىزىگە ۋە شۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى جايلارغا **GBU-28** تىپلىق لازېر نۇر ئارقىلىق يول باشلىنىدىغان يەر تېشەر بومبا بىلەن **GBU-37** تىپلىق **GPS** ئارقىلىق يول باشلىنىدىغان يەر تېشەر بومبا تاشلايدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ: شۇنىڭ ئەگىشىپلا، خىتاي رەھبەرلىرىنى يوقىتىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، دېڭىزدىن ۋە ھاۋادىن نەچچە ئونلىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئادەتتىكى بومبا ئېتىلىدۇ. خىتاي چېگراسى ئىچىدىكى ئالاھىدە قىسىملار ھالقىلىق ئالاقە تۈگۈنلىرىگە سىڭىپ كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئامېرىكانىڭ زادى قەيەردىن ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقى جەھەتتە خىتاي رەھبەرلىرىنى ۋە قوماندانلىرىنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن كۆز بويامچىلىق قىلىنىدۇ.

ئاندىن، ئامېرىكانىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ۋە ئۇرۇش پاراخوتلىرى خىتاينىڭ «لياۋنىڭ» ناملىق ئاۋىياماتكىسىنى، پاراخوتقا قارشى ئۇزاق مۇساپىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەن تۇنجى يەرلىك ئاۋىياماتكىسىنى ۋە «بېلىق ئارىسى» تىپلىق پاراخوتقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېڭىز ئارمىيەسىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغايدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت خىتاينىڭ شىمالىدىن جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى خەينەن ئارىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دېڭىز بويلىرىدىكى ئوتتۇز ئىككى دېڭىز ئارمىيە بازىسى ۋە پورتلارغا جايلاشقان يۈزلىگەن خىتاي ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى چۆكتۈرۈۋېتىشتۇر.

«ئايپالتا» ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەن ئوخىيو دەرىجىلىك سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ۋە ۋىرجىنىيە دەرىجىلىك، « دېڭىز

بۆرىسى» دەرىجىلىك، «لوس ئانژېلىس» دەرىجىلىك ھۇجۇمچى سۇ ئاستى پاراخوتلىرى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ يۆتكىلىشچان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان 22 راكېتا قىسىملىرى بازىسىغا تەڭلا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھۇجۇمى قوزغايدۇ. خىتاينىڭ ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش بازىلىرىغىمۇ «ئايپالتا» ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ئېتىلىدۇ.

ھۇجۇمچى سۇ ئاستى پاراخوتلىرى يەنە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى فىلوتىنى ۋەيران قىلىدۇ. خىتاينىڭ بۇ فىلوتى ئاساسەن ئىلغار دېڭىز ئارمىيە ھۇجۇمچى سۇ ئاستى پاراخوتلىرىدىن ۋە سۇ ئاستى پاراخوتلىرىغا قارشى باشقا ئۇرۇش قوراللىرىدىن ئۆزىنى قوغدىيالمايدۇ.

F-22 كۇرەشچى ئايروپىلانى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى، شۇنداقلا غەربىي ۋە مەركىزىي خىتاي رايونىدىكى ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشى مۇئەسسەسەلىرىگە يىراق مۇساپىلىق زەربە بېرىدۇ. بۇنىڭدىكى مۇددىئا خىتاينىڭ سۇنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياكى لازېر قوراللىرى ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ئوربىتىدىكى سۇنئىي ھەمراھلىرىغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر.

خىتاينىڭ ھاۋا ئارمىيەسىگە تاقابىل تۇرۇشتا، ھاۋادىن ھاۋاغا قارىتىلغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەن F-35 تىپلىق رادارغا چۈشمەس ئايروپىلانلار ئارقىلىق خىتاينىڭ J-20 ۋە باشقا كۇرەشچى ئايروپىلانلىرى ئېتىپ چۈشۈرۈلىدۇ ۋە خىتاينىڭ ھاۋا مۇداپىئە بازىلىرى ۋەيران قىلىنىدۇ.

دېڭىز لىنىيەسىنى قامال قىلىش ھەرىكىتىدە، ھىندى ئوكيانغا، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغا، شەرقىي خىتاي دېڭىزىغا ۋە شەرقىي شىمالىي تىنچ ئوكيانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەن نەچچە ئونلىغان ئۇرۇش پاراخوتلىرى خىتاي نېفىت پاراخوتلىرىنىڭ خىتاي پورتلىرىغا يېتىپ بېرىشىنى توسىدۇ. دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ۋە ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ كۇرەشچى ئايروپىلانلىرى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى ئارقىلىق خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي ئەسلىھەلىرى قولغا چۈشۈرۈلىدۇ.

خىتاي ئامېرىكاغا ھۇجۇم قىلغان ئەھۋالدا، ئاندىن يۇقىرىقىدەك شەكىلدە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە ئامېرىكانىڭ ھەربىي ھەرىكەت پىلانىنى قىسقىچە بايان قىلىشتىكى مەقسەت — خىتاي رەھبەرلىرىگە ئامېرىكا بىلەن ھەربىي جەھەتتە توقۇنۇشقان تەقدىردە، ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىدىن، يەنى 1 مىليارد 400 مىليون خىتاي خەلقىگە بولغان ھاكىمىيەتلىق ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر.

☆ ئون ئۈچىنچى باب ☆

# دېڭىزدىكى ئۆزۈش بارتلاش نۇقتىسى ۋە خىتاينىڭ «مەرۋايىت زەنجىرى» كېڭەيمىچىلىكى

«خىتاي [سپراتلى] ئاراللىرىدا قىلىۋاتقان ئالاقىدار قۇرۇلۇشلار ھېچقانداق دۆلەتكە قارىتىلمىغان ۋە ھېچكىمگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئۇ يەرنى ھەربىيلەشتۈرۈش غەرىزى يوق» ــ شى جىنپىڭ، 2015 – يىلى.

«2018 – يىلى 4 – ئايدا، بېيجىڭ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئۆز تۇپرىقىنىڭ سىرتىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئېلېكترونلۇق كاشىلا تۇغدۇرغۇچقا ئوخشاش ئىلغار ھەربىي سىستېمىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، (جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى) ئاراللارنى ھەربىيلەشتۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى» ئامېرىكا ھىندى – تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى ئادمىرال فىلىپ دېيۋىدسون (PHILIP DAVIDSON)، 2019 – يىلى.

ئوتتۇز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئامېرىكا رەھبەرلىرى خىتاينىڭ ئەركىن ۋە دېموكراتىك تەيۋەن ئارىلىنى بېسىۋېلىشتىن ئىبارەت ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەلىك نىشانىنىڭ پەقەتلا خىتاينىڭ ئاۋۋال رايون (ئاسىيا)غا، ئاندىن دۇنياغا خوجا بولۇشتىكى تېخىمۇ چوڭ پىلانىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي كەلدى. 1979 – يىلى ئامېرىكا دىپلوماتىيە جەھەتتە تەيبېي (تەيۋەننىڭ پايتەختى) ھاكىمىيىتىنى قانۇنلۇق «خىتاي دۆلىتى» دەپ تونۇشتىن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى «خىتاي دۆلىتى» دەپ تونۇشقا ئۆزگەرگەندىن كېيىن، دېموكراتىك تۈزۈمدىكى بۇ ئارال ئىزچىل ئامېرىكانىڭ ياردىمى ئاستىدا گۈللىنىپ كەلدى. ئەينى چاغدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بىر ئىتتىپاقدىشى (تەيۋەن)نى بۇ شەكىلدە تەلتۆكۈس تاشلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن «تەيۋەن مۇناسىۋەتلىرى قانۇنى»نى ماقۇللىغانىدى. مەزكۇر قانۇنغا كۆرە، ئامېرىكانىڭ تەيۋەننى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش ۋە تەيۋەن ھۆكۈمىتىنى قورال – ياراغ بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتى بار.

2000 – يىلى «خىتاي تەھدىتى» دېگەن كىتابتا قەيت قىلىنغىنىدەك، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئىزچىل ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى ئۆزۈش پارتلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئاساسلىق ئامىل دەپ قارىلىپ كەلگەن تەيۋەن ھېلىھەم خەتەرلىك ئۆزۈش پارتلاش نۇقتىسىدۇر. ئارالنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇققا مەجبۇرىي قوشۇۋېلىنىشى ھېلىھەم رېئال ۋە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان خەۋپتۇر.

شۇنىڭدىن كېيىن، خىتاي بىلەن (ئامېرىكا ئارىسىدا) ئۆزۈش پارتلىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن بولغان يېڭى نۇقتىلار پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىمۇ بار. 2008 – يىلىدىن 2016 – يىلىغىچە بولغان ئوباما ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە، كوممۇنىست خىتاي پۈتۈن جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈشنى مەقسەت قىلغان يوشۇرۇن پىلانىنى ئىجرا قىلدى. ھالبۇكى، 1 مىليون 400 مىڭ كۋادىرات مىل سۇ دائىرىسىگە ئىگە، نەچچە ئونلىغان كىچىك ئارالى بار جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى ئاساسلىق خەلقئارالىق دېڭىز لىنىيەسى ۋە ئىستراتېگىيەلىك سۇ يولى بولۇپ، ھەر يىلى بەش تىرىليون دوللار قىممىتىدىكى نەرسىلەر مۇشۇ يەر ئارقىلىق توشۇلىدۇ. تارىختىن بۇيان ھېچبىر دۆلەت ئەسىرلەردىن بۇيان ئوچۇق دېڭىز دەپ قارىلىپ كەلگەن پۈتۈن دېڭىز رايونىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باققان ئەمەس.

پرېزدېنت ترامپنىڭ تۇنجى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىش قىسمىنىڭ سابىق گېنېرالى جېيمىس ماتىس (James Mattis) 2018 – يىلى خىتايغا قىلغان زىيارىتى جەريانىدا ئۆزىنىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى جىددىيچىلىكلەرنى قانچىلىك خەتەرلىك دەپ قارايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېنىغا بىر قانچە مۇخبىرنى بىللە ئېلىۋالغان مىنىستىر تاراتقۇلار بىلەن بولغان ئاز ساندىكى بىر قانچە قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى شەرھلەپ ئۆتتى. ئىراق ۋە ئافغانىستان ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان، گەپنى ئۇدۇللا دەۋېرىدىغان بۇ پېشقەدەم ھەربىي بېيجىڭغا يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى «بېيجىڭدىكى يىغىنلاردا قانداق مېتود قوللىنىسىز؟ خىتاي بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشىسىز؟» دېگەندەك سوئاللارغا ئېنىق جاۋاب بەرمىدى. ئەھۋال تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ غايەت زور E-4 تىپلىق، يادرو قوماندانلىق ئايروپىلانىنىڭ بىر كىچىك بۆلۈمچىسىدە ئېچىلدى. بۇ ئايروپىلان بوئىڭ 747 تىپلىق رېئاكتىۋ ئايروپىلانىنىڭ ھەربىيلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇپ، ئايروپىلانىنىڭ ئىچ دىۋارلىرىغا ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوغۇشۇن يالىتىلغانىدى.

«مەنچە ئىككى دۆلەت (ئامېرىكا – خىتاي) ئارىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوچۇق – ئاشكارا، ئىستراتېگىيەلىك دىيالوگلار ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. خىتاي بىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە قانداق قارايدۇ؟ خىتاي بۇ مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىزمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلىمىز. ئەمما، كىشىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان باشقا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ــ ھەرىكەتتىكى ئاشكارىلىقنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئىشنى ئاۋۋال ئىستراتېگىيەلىك ئوچۇق – ئاشكارىلىق بىلەن باشلاشتۇر. مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىم مۇشۇلار» دېدى ماتىس.

«ئوچۇق – ئاشكارىلىق» ئامېرىكا بىلەن خىتاي-نىڭ بارغانسېرى يىرىكلىشىۋاتقان ھەربىي مۇناسىۋىتىنى پەردازلاپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا ھېلىھەم مودا بولۇۋاتقان سۆزدۇر. بۇ سۆز 1990 – يىللىرى ئامېرىكا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن دىيالوگلىشىش ۋە ئۆزئارا ھەربىي زىيارەت قىلىشىش ھەققىدىكى «كاتتا» پىلانىنى باشلىغاندىن بۇيان، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ يەنىلا ئۆزگەرمىگەن ئۆچمەنلىكى ۋە ھەرىكەتلەردىكى مەخپىيلىكىنى سۈپەتلەشتە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. ئامېرىكانىڭ مەزكۇر پىلانى «رەسمىي يىغىن ۋە دىيالوگلار ئىككى دۆلەت ئارمىيەسى ئارىسىدا ئىشەنچ بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم مېتودتۇر» دېگەن گۇمانلىق نۇقتىئىنەزەرنى ئاساس قىلغان. لېكىن، بۇ خىل پەرەز خاتا ئىدى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئامېرىكا ئارمىيەسىگە مەڭگۈ ئىشەنمەيتتى. بۇ پىلان خاتا چۈشەنچە ئۈستىگە تۈزۈلگەن بولغاچقا، (ئىككى ئارمىيە ئارىسىدا) ھېچقانداق ئىشەنچ بەرپا قىلالمىدى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئامېرىكا ئارمىيەسىگە ئوخشاش دۆلەتنىڭ ئارمىيەسى ئەمەس، پارتىيەنىڭ ئارمىيەسى بولغاچقا، ئىككى ئارمىيە ئارىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار ئىدى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى «ئامېرىكا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى مەغلۇب قىلىش سۈيىقەستىنى پىلانلىغان جاھانگىر دۈشمەن، شۇڭا بارلىق زورۇر ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇنى مەغلۇب قىلىش كېرەك» دېگەن ئىدىئولوگىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ رەھبەرلىرىمۇ مۇشۇ خىل ئىدىيە بويىچە تەربىيەلەنگەن.

خىتاي بىلەن بولغان ھەربىي «باردى – كەلدىلەر» پەقەتلا تاق تەرەپلىك بولۇپ قالدى. خىتايلارغا نىسبەتەن، بۇ خىل باردى – كەلدىلەر «تېخىمۇ ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش» دېگەن نامدا، ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ھاماقەت ئامېرىكا ھەربىي قوماندانلىرىنىڭ كۆزىنى بوياپ، قىممەتلىك ئۇرۇش ئىستىخباراتلىرىغا ئېرىشىشنىڭ كۆپ يىلغا سوزۇلىدىغان پۇرسىتى ئىدى. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە، 1990 – يىللىرى خىتاي ئازادلىق

ئارمىيەسىنىڭ ئامېرىكاغا زىيارەتكە كەلگەن بىر ئوفىتسېرى ئامېرىكانىڭ مەلۇم بىر ئاۋىياماتكىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش جەريانىدا، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرىدىن «بۇ ئاۋىياماتكىنىڭ ئەڭ ئاجىز نۇقتىسى قايسى؟» دەپ سورىغان. ھېلىقى ئوفىتسېرمۇ ھاماقەتلەرچە «ھەرقانداق ئاۋىياماتكىنىڭ ئاستى تەرىپى ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاجىز جايى بومبا ۋە ئوق – دورىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۆلۈمچىنىڭ ئەتراپىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

باردى – كەلدى قىلىش باشلىنىپ بىر قانچە يىلدىن كېيىن، ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ رۇسىيەدىن 53 تىپلىق ئىلغار قۇيرۇق ئېقىم (قۇيرۇق ئېقىم — بۇ تورپېداغا يول باشلاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل تېخنىكا، ت) تورپېداسى سېتىۋالغانلىقىنى بايقىغان، شۇنداقلا بۇ خىل تورپېدانىڭ قارشى تەدبىرلەردىن ساقلىنالايدىغان ۋە ئاۋىياماتكىنىڭ قۇيرۇق قىسمىدىكى قورال – ياراغ بۆلۈمچىسىنىڭ ئاستىدا پارتلايدىغان قىلىپ لايىھەلەنگەنلىكىنى مۆلچەرلىگەن. 2012 – يىلىغا كەلگەندە، خىتاي تەتۈر يۆنىلىشلىك تەتقىقات (يەنى باشقىلارنىڭ تەييار مەھسۇلاتىنى چۇۋۇپ، ئۇنىڭ ياسىلىش پىرىنسىپىنى ئىگىلەش ئۇسۇلى، ت) ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «يەرلىك» قۇيرۇق ئېقىم تورپېداسىنى ياساپ چىققان. بۇ تورپېدانىڭ ياساپ چىقىلىشى خىتاينىڭ ئاشۇ قېتىملىق ھەربىي زىيارەت جەريانىدا ئاۋىياماتكىنىڭ ئاجىز نۇقتىسىنى بىلىۋالغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارالماقتا.

دۆلەت مەجلىسى بۇ ئىشتىن قاتتىق چۆچۈگەن ۋە 2000 – يىلى قانۇن ماقۇللاپ، «نامۇۋاپىق ئۇچۇرلارنىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىشى سەۋەبلىك دۆلەت بىخەتەرلىك تەھدىتى شەكىللەندۈرىدىغان» ئالاقىلەرنى چەكلەش ئارقىلىق خىتاي بىلەن بولغان ھەربىي باردى – كەلدىگە چەك قويغان. ئۆز تۈپرىقىنىڭ سىرتىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ھەرىكەتلىرى، يادرو ھەرىكەتلىرى، ئىلغار بىرلەشمە قوراللار ۋە بىرلەشمە جەڭ ھەرىكەتلىرى، ئىلغار ئارقا سەپ ھەرىكەتلىرى، كەڭ كۆلەملىك قىرغىن قىلىش كۈچىگە ئىگە قورال تېخنىكىلىرى، نازارەت ۋە رازۋېتكا قىلىش ھەرىكەتلىرى، بىرلەشمە جەڭ قىلىش، ھەربىي ئالەم قاتنىشى تېخنىكىلىرى، قورال – ياراش سېتىش ۋە تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، مەخپىي سانلىق مەلۇماتلار، بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ تەجرىبىخانىلىرىغا كىرىش ئىجازىتى دېگەندەك ساھەلەر چەكلەنگەن ساھە قىلىپ بېكىتىلگەن (1).

بۇ بەلگىلىمىلەرگە مەجبۇرىي ھالدا بويسۇنۇلغان. شۇنداقلا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ زىيارەتچىلىرى پات – پاتلا بۇ خىل چەكلىمىلەرنىڭ ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تېخىمۇ زىچ ھەربىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋايساپ تۇرغان.

ماتىسنىڭ 2018 – يىلى خىتايغا قىلغان زىيارىتىمۇ «ھەربىيلەر ئارا زىيارەت» دېگەن پروگراممىنىڭ ئەڭ يېڭى بىر قېتىملىقىدۇر.

«مەن ئۇلارنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى، شۇنداقلا ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن بۇ خىل تەرەققىياتقا ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن قانداق قارايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى. مەن ئۇلاردىن نۇرغۇن سۆزلەرنى ئاڭلاپ بېقىشنى ئويلايمەن. مەن بىزنىڭ تەرەققىيات ھەققىدىكى كۆز قارىشىمىزنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىمەن. لېكىن، بۇ مېنىڭ ۋاڭشىڭتوندا خەۋەرلەرنى، ئىستىخبارات دوكلاتلىرىنى ياكى تەھلىل دوكلاتلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇۋېرىشىنىڭ ئورنىغا، بۇ قېتىملىق سەپەرگە چىقىشىمدىكى بىردىنبىر سەۋەبتۇر» دېگەندى ماتىس خىتايغا ماڭغان يول ئۈستىدە.

ئۇ خىتايغا يېتىپ بارغان ھامان، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى شى جىنپىڭ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ۋېي فېڭخې (Wei Fenghe) ۋە خىتاي مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۇ چىلياڭ (Xu Qiliang) قاتارلىق خىتاي رەھبەرلىرىگە ئۆز مەقسىتىنى تولىمۇ ئېنىق ئۇقتۇرغان.

يىغىن باشلانغاندا، شۇ چىلياڭ كۈلۈمسىرىگىنىچە ماتىسقا: «ئىككىمىزنىڭ ياخشى دوستلاردىن بولالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن» دېگەن.

ماتسىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشى باشقىچە ئىدى، ئۇ خىتايدىكى 2 – كۈچلۈك ھوقۇقدار شۇ چىلياڭغا (ئامېرىكا – خىتاي ئارىسىدىكى) مۇناسىۋەتنىڭ ناچار بولۇشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرىنىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى ئەھۋاللار ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ تالاش – تارتىش قىلىنىۋاتقان سپراتلى ۋە پاراسېل تاقىم ئاراللىرىدىكى كۆلىمى **3200** گېكتاردىن ئاشىدىغان ئاراللارنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى، شۇنداقلا **2017** – يىلىغا كەلگەندە بۇ ئاراللارغا ھەربىي قورال – ياراغ ۋە قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇنىڭدىن سىرت، خىتاينىڭ مۇجمەل «تارىخىي پاكىت»لارنى ئاساس قىلىپلا جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ توقسان پىرسەنتىنى ئۆزىنىڭ دەۋېلىشى ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ بىر قانچە قېتىم دېڭىزدا قوراللىق توقۇنۇشۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغىلى قىل قالغانىدى. ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قانچە يىلغىچە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ ئىچىدىكى ياكى بۇ دېڭىزدىن ئۆتىدىغان (مانېۋىر دېگەندەك) ھەرقانداق ئەركىن ھەرىكەتنى توختىتىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن بولغان ھەرقانداق ھەرىكەتتىن ساقلىنىش سىياستى ئەمدى (ترامپ ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە) ئاياغلاشقانىدى. جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى ھەرىكەتلەر تالاش – تارتىش قىلىنىۋاتقان ئاراللارنىڭ ئەتراپىغا ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى ياكى چارلىغۇچى ئايروپىلانلارنى ئەۋەتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. (بۇنداق ھاللاردا) خىتاينىڭ ئۇرۇش پاراخوتلىرى ئامېرىكانىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەن قوغلىغۇچى پاراخوتلىرى ياكى قوغدىغۇچى پاراخوتلىرىنى خىتاينىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا دەخلى – تەرۇز قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇراتتى ۋە دەرھال بۇ رايوندىن ئايرىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئامېرىكا ئۇرۇش پاراخوتلىرىغا بولسا يۇرۇشنى ئەسلى پىلانىدىكىدەك تاماملاش ھەققىدە قەتئىي بۇيرۇق چۈشۈرۈلەتتى. بەزىدە ئۇلار «بىلىپ – بىلمەي» تالاش – تارتىش قىلىنىۋاتقان ئاراللارغا يېقىن جايلاردىن ئۆتۈپمۇ قالاتتى. يەنە بەزىدە، ئامېرىكا پاراخوتلىرى ئاراللارنىڭ ئەتراپىدىكى **12** مىللىق «چەكلەنگەن رايون»غىمۇ كىرىپ باقاتتى.

(جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى) جىددىيچىلىك **2018** – يىلى **9** – ئاينىڭ **30** – كۈنى ئىنتايىن خەتەرلىك ھالدا ئەۋجىگە چىقتى. ئەينى چاغدا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ لۇياڭ **(Luyang)** دەرىجىلىك قوغلىغۇچى پاراخوتى سپراتلى ئارىلىغا يېقىن جايدا ئامېرىكانىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەن، دېكېيتېر **(Decatur)** ناملىق قوغلىغۇچى پاراخوتىنى سوقۇۋەتكىلى تاسلا قالغانىدى.

خىتاينىڭ ئۇرۇش پاراخوتى دېكېيتېر ناملىق قوغلىغۇچى پاراخوتقا **45** يارد (تەخمىنەن **41** مېتىر، ت) تىنىمۇ قىسقا ئارىلىق قالغۇچە يېقىنلاشقان ۋە ئۇنى ئەجەللىك سوقۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن جىددىي يۆنىلىش ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىغان. ئەگەر بۇ ئىككى پاراخوت سوقۇشۇپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيەسى توقۇنۇشىغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. خىتاينىڭ لۇياڭ دەرىجىلىك قوغلىغۇچى پاراخوتىدىكىلەر دېكېيتېر ناملىق قوغلىغۇچى پاراخوتقا يېقىنلاشقاچ ئۆز پاراخوتىنىڭ يان تەرەپلىرىگە سىلكىنىشتىن ساقلىنىش توسۇقلىرىنى ئورناتقان. خىتاينىڭ شۇ قېتىملىق قۇتراتقۇ قىلمىشى ھەققىدىكى ئەندىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئامېرىكانىڭ مەلۇم بىر دۆلەت مۇداپىئە ئەمەلدارى: «ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ پاراخوتىمىزنى سوقۇشقا رەسمىي تەييارلانمىغان بولسا، سىلكىنىش ساقلىنىش توسۇقلىرىنى ئورنىتىپ يۈرمىگەن بولاتتى» دېدى.

شۇ ئىش يۈز بېرىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ئاقساراينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى جون بولتون **(John Bolton)** خىتاينى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىرى بۇ خىل قۇتراتقۇلۇقلارغا قارىتا زۆرۈر تېپىلغان ھەرقانداق تەدبىرنى قوللىنىشقا ھوقۇقلۇق. بىز ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە قىلىنغان ھەرقانداق تەھدىتكە قاراپ تۇرالمايمىز. بىزنىڭ خەلقئارا دېڭىز لىنىيەسىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىرادىمىز ھەرۋاقىت قەتئىيدۇر. خىتاي بۇنى چوقۇم تونۇپ يېتىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ زۆرۈرىيەتسىز قۇتراتقۇلۇق قىلىپ كەلگىنىگە

ھېلىمۇ بەك ئۇزۇن ۋاقىتلار بولدى» دېدى (2).

شۇنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن، ماتىس بېيجىڭدىكى خىتاي دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ يىغىن زالىدا شۇ چىلياڭنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى تالاش – تارتىشلارنىڭ تولىمۇ ئېغىرلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ماتىس شۇ چىلياڭغا ۋە شۇنىڭدىن ئاۋۋال خىتاي دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى (ۋېي فېڭخې)غا ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ (جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى) سۇ يولىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى جەھەتتە ئىختىلاپى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ: «ئامېرىكا بۇ دېڭىزنى ئەركىن، ئېچىۋېتىلگەن خەلقئارا دېڭىز دەپ قارايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ دېڭىز - ئوكيان تېررىتورىيەسى دەپ قارايدۇ. بىز بۇ ئىشنى ئىككى قېتىم دۇنيا ئۇرۇشى قوزغىغان ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش (ئۇرۇش ئارقىلىق) بىر تەرەپ قىلىشنى خالىمايمىز» دېگەن (3). بۇ ئۇچۇر نازۇك، ئەمما ئېنىق ئىدى. بۇ «ئەگەر ئىككى تەرەپ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى مەسىلىسىدە مۇئەييەن كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا، كەلگۈسىدە دۇنياۋى ئۇرۇش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەنلىك ئىدى.

ماتىسنىڭ بۇ خىل ئۇدۇل ئەسكەرتىشى خىتايلارنىڭ قۇلىقىغا ياقمىغان، ئەلۋەتتە. شى جىنپىڭنىڭ ئامېرىكاغا بولغان ئۆكتەم مەيدانى ئۇنىڭ ماتىس بىلەن كۆرۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەردە ئېنىق ئىپادىلەنگەن. (بۇ خەۋەرگە كۆرە) شى جىنپىڭ ئىنتايىن كەسكىن ئاھاڭدا «خىتاينىڭ بىر غېرىچ زېمىنىنىمۇ قولدىن كېتىشكە يول قويمايدىغانلىقى»نى تەكىتلىگەن (4).

ماتىسنىڭ بېيجىڭدىكى زىيارىتى ئاياغلىشى- دىغانغا يەنە بىر كۈن قالغان ئەھۋالدا دېيىلگەن بۇ سۆزلەر ئاسىيا ئىشلىرىدا ئەمەس، ئوتتۇرا شەرق ئىشلىرىدا مۇتەخەسسىس بولغان ئۇشبۇ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان شاپىلاق ئىدى. ماتىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ ئاشكارا ھاقارىتىگە ئىنكاس قايتۇرمىغان. شۇنىسى ئېنىقكى، ماتىسنىڭ «جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىن باشلىنىدىغان ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى» توغرىسىدىكى سۆزلىرى خىتاي كومپارتىيەسى ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىۋەتكەن.

شۇنىڭدىن نەچچە ئاي كېيىن، ماتىس خىتاينىڭ (جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى) ھەربىي ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئاستىلىمىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. بۇ بېيجىڭدىكى مۇزاكىرىلەرنىڭ (خىتاي تەرىپىدىن) نەزەردىن ساقىت قىلىنغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. «بىز جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ سىجىل ھەربىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھېلىھەم يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىمىز» دېدى ماتىس ۋېيتنامغا قىلغان سەپىرىدە.

ئامېرىكانىڭ بۇ ئىشتىن (يەنى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ ھەربىيلەشتۈرۈلۈشىدىن) غەزەپلىنىشى ۋە تەشۋىشلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، شى جىنپىڭ 2015 – يىلى 9 – ئايدا پرېزىدېنت ئوباماغا جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى يېڭىدىن «ئېچىلغان» ئاراللارنىڭ ھەربىيلەشتۈرۈلمەيدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەنىدى. نەتىجىدە، بۇ قىپقىزىل يالغانچىلىق بولۇپ چىقتى.

2017 – يىلىغا كەلگەندە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى تالاش – تارتىش ئاستىدىكى سپراتلى تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئىچىدىكى كەم دېگەندە ئىككى ئارالغا ئۈچۈش - قونۇش يولى ياسىدى. ئۇزۇنلۇقى 8800 فۇت (تەخمىنەن 2682 مېتىر، ت) تىن ئاشىدىغان بۇ يوللار ئارقىلىق زور كۆلەمدە قوشۇن يۆتكىگىلى ياكى ھەربىي يۈك ئايروپىلانىنى قوندۇرۇپ، ئۇچۇرۇشقا بولاتتى. ھەربىيلەشتۈرۈش يەنە فايىر كروس (Fiery Cross)، سۇبى (Subi) ۋە مىسچىف خادا تاشلىرى (Mischief Reefs)دىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇندىكى كۈرەشچى ئايروپىلانلار ئۈچۈن ياسالغان 24 ئايروپىلان ئىسكىلاتى، مۇقىم قوراللار نۇقتىلىرى، گازارما، مەمۇرىي بىنا ۋە ئالاقە ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(زەمبىرەك قاتارلىق) مۇقىم قوراللارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كىشىنى تېخىمۇ تەشۋىشكە سالىدۇ. سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ئاراللاردىكى (ھەربىيلەشتۈرۈلگەن) نۇقتىلارغا قىسقا مۇساپىلىق دېڭىز ئارمىيەسى زەمبىرەكلىرى ئورنىتىلغان. ھالبۇكى، ئىستىخبارات تەھلىللىرى

يەنە بۇ زەمبىرەكلەر ئورنىتىلغان زەمبىرەك جازىلىرىغا قىرغىن قىلىش كۈچى تېخىمۇ يۇقىرى ۋە تېخىمۇ ئۇزاق مۇساپىلىق، پاراخوتقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئورناتقىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. دېمىسىمۇ نەق ئاشۇنداق ئىش يۈز بەردى. **2018** – يىلى ئالتىنچى ئايدا، ماتىس بېيجىڭغا زىيارەتكە بېرىشتىن ئازراقلا ئىلگىرى (جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى ھەربىيلەشتۈرۈلگەن جايلاردىكى) يېڭى قوراللارنىڭ پاراخوتقا قارشى ئىلغار باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئىلغار ھاۋا مۇداپىئەسى باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى ۋە ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا تارالغان، شۇنداقلا ئۇلار بۇ خەۋەرنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەنىدى.

«خىتاي جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئەڭ كۈچلۈك يەر قوراللىرى سىستېمىسى ئۇلارنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسىدۇر» دېدى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ بىر ئەمەلدارى ماڭا.

بۇلارنىڭ ئېتىش مۇساپىسى **340** مىل (تەخمىنەن **547** كىلومېتىر)غا يېتىدىغان **YJ-12B** تىپلىق، پاراخوتقا قارشى چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلدى. مەركۇر پاراخوتقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى پاراسېل تاقىم ئاراللىرىدىكى ۋۇدىي **(Woody)** ئارىلىغا ۋە دېڭىزنىڭ جەنۇبىدىكى فايىر كروس **(Fiery Cross)**، سۇبى **(Subi)** ۋە مىسچىف خادا تاشلىرى **(Mischief Reefs)** قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ توقسان پىرسەنت رايونىدا سەپەر قىلىدىغان ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى تەھدىتكە ئۇچراتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بەشبۇرجەكلىك بىنا (يۇقىرىدىكى ئورۇنلارغا) يەنە ئېتىش مۇساپىسى **184** مىل (تەخمىنەن **296** كىلومېتىر، ت)غا يېتىدىغان، **HQ-9A** ۋە **HQ-9B** تىپلىق ئۇزاق مۇساپىلىق يەردىن ھاۋاغا قارىتىلغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. **HQ-9** تىپلىق بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ئايروپىلان، ئادەمسىز ئۇچقۇ ۋە چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئېتىپ چۈشۈرەلەيدۇ.

ھىندى – تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى ئادمىرال فىلىپ دېيۋىدسون **2019** – يىلىنىڭ بېشىدا بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار توغرىسىدا توختىلىپ، ئايروپىلانغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ ھەم ئامېرىكانىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىز رايونىنى قەرەللىك چارلايدىغان ھەربىي ئايروپىلانلىرىغا، ھەم شۇ رايوندىن ئۇچۇپ ئۆتىدىغان يولۇچىلار ئايروپىلانلىرىغا نىسبەتەن خەتەرلىك تەھدىت شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ھەققىدە ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئالاقىنىڭ راۋانلىقىغا، نېفىتكە، تىجارەتكە، ئىقتىسادىي ۋاستىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. بۇ سىنگاپوردىن باشلانغان، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىملارغا تايىنىدىغان تور ئالاقىسىغا، شۇنداقلا دۇنيادىكى بارلىق چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئەركىن يۇقىراۋى ساياھەتكە چېتىلىدىغان مەسىلە. ئەگەر سىز سىنگاپوردىن سان فىرانسىسكوغا، سىدنېيدىن سېئۇلغا، مانىلادىن توكيوغا ئۇچماقچى بولسىڭىز، چوقۇم جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىن ئۆتۈشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا، ھەرقېتىم مۇشۇنداق ئىش يۈز بەرگەندە (ئايروپىلان خىتاي «مېنىڭ» دەۋالغان جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىن ئۆتكەندە) يەردىن ھاۋاغا قارىتىلغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىلىشكە تەييار تۇرغان بولىدۇ، يەنە بىر خىتاي ئەسكىرى ھەركۈنى ئاشۇ ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇپ ئۆتسە بولىدىغان – بولمايدىغانلىقىنى بېكىتىدۇ. مەنچە بۇ خەلقئارالىق بىخەتەرلىككە نىسبەتەن تولىمۇ خەتەرلىك، شۇنداقلا خىتاينىڭ بۇنداق بىر ئىشنى قىلىشىنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن قاباھەتلىك بولىدۇ».

دۆلەت سېكرېتارى مايك پومپېيومۇ تۇنجى قېتىم ئامېرىكانىڭ **1951** – يىلىدىكى «ئامېرىكا – فىلىپپىن ئۆزئارا قوغداش كېلىشىمى»نى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغا تەدبىقلايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، خىتايغا بولغان بېسىمنى كۈچەيتتى. ئەگەر خىتاي سپراتلى ئاراللىرى توغرىسىدا فىلىپپىن بىلەن

بولغان تالاش – تارتىش سەۋەبلىك فىلىپپىنغا هۇجۇم قىلسا، ئامېرىكا بۇنىڭغا قوراللىق ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

«جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى تىنچ ئوكياننىڭ بىر قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا فىلىپپىن ئارمىيەسىگە، ئايروپىلانلىرىغا ياكى دۆلەت پاراخوتلىرىغا قىلىنغان ھەرقانداق قوراللىق ھۇجۇم بىزنىڭ <ئۆزئارا قوغداش كېلىشىمى>مىزنىڭ 4 – ماددىسىدىكى ئۆزئارا قوغدىشىش مەجبۇرىيىتىمىزنى ئىجرا قىلىشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ» دېدى پومپېيو (5).

بۇ باياناتى خىتاي 2012 – يىلى ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى ئەۋەتىپ، فىلىپپىندىن سكاربوروۋ (Scarborough) ئارىلىنى تارتىۋالغاندا، ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قاراتقان تىنچلاندۇرۇش (خۇشامەت قىلىش) مەيدانى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى. فىلىپپىننىڭ شۇ چاغدىكى پرېزىدېنتى بېنىگنو ئاكىنو (Benigno S. Aquino III) ۋاشىڭتوندىن «ئۆزئارا قوغداش كېلىشىمى»نى ئىجرا قىلىپ، فىلىپپىننىڭ مەزكۇر ئارالنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلغان، ئەمما ئوباما بۇنى رەت قىلغانىدى.

خىتاينىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئىستىخباراتلاردىن خەۋەردار بىر ئامېرىكالىق ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭ ماتىس بىلەن كۆرۈشۈش ھەققىدىكى پىلاننى ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتكەن. شى جىنپىڭ خىتاينىڭ ئالىي رەھبىرى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىتاينىڭ بارلىق ھەربىي ئىستىخبارات تارماقلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. ئۆتمۈشتە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىككىنچى باشقارمىسى (ھەربىي ئىستىخبارات تارمىقى) بىلەن ئۈچىنچى باشقارمىسى (تور ئۇرۇشى تارمىقى) ئايرىم ئىدى. خىتاي رەھبەرلىرى بۇ ئىككى تارماق بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن تەقدىردە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مەخپىيەتلىكلەردىن خەۋەردار بولۇپ، ھوقۇقىنىڭ زىيادە زورىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. لېكىن، شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا، ئىككىنچى باشقارما بىلەن ئۈچىنچى باشقارما يېڭى «ئىستراتېگىيەلىك ياردەم قىسمى» قىلىپ قوشۇۋېتىلدى، ھالبۇكى بۇ قىسىم يەنىلا شى جىنپىڭنىڭ قاتتىق كونتروللۇقىدا. شى جىنپىڭ مەزكۇر ئىستىخبارات ئاپپاراتىدىن پايدىلىنىپ، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە ئون نەپەر گېنېرالىنى كۆزدىن يوقاتتى. بۇ خىل «تازىلاش» ھەرىكەتلىرى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بۇ قوشۇننى بارغانسېرى مۇقىمسىزلاشتۇردى، شۇنداقلا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نارازىلىقتا رايون (ئاسىيا)دىكى ھەربىي زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشىنىڭ قوشۇلۇشى ئامېرىكا ئۈچۈن ھېلىھەم بىر مۇقىمسىزلىق مەنبەسىدۇر.

مەزكۇر ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۇ چىلياڭ ئامېرىكاغا چىش – تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىكەن. شۇ چىلياڭنىڭ مەيدانى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى گېنېراللىرىنىڭ تىپىك مەيدانىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكانى ئاساسلىق دۈشمەن دەپ قارايدىغان، ئەمما ماتىسقا ئوخشاش كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە بۇ خىل ئۆچمەنلىكنى يوشۇرىدىغان قىلىپ تەربىيەلەنگەن. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ مەلۇم بىر گېنېرالىنىڭ لوس ئانژېلىستا ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىغان قىزى ئامېرىكالىق «يىگىتى» تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ۋە زەخمىلەندۇرۈلگەندىن كېيىن، شۇ چىلياڭنىڭ (ئامېرىكاغا بولغان) نەپرىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن. شۇ چىلياڭنىڭ ئامېرىكاغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئەدىتىۋەتكەن يەنە بىر ئىش شۇكى، ئۇ پرېزىدېنت جورجى W بۇشنىڭ مەزگىلىدە ئامېرىكاغا زىيارەتكە كەلگەندە، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ بىر قانچە نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ مۇئامىلىسىدىن ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلغان. شۇ چىلياڭ ئۆزىنىڭ ئامېرىكاغا بولغان ئۆچمەنلىكى سەۋەبلىك ئەسلىدە ئامېرىكادا ياشاۋاتقان ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئاۋستىرالىيەگە، خوڭكوڭغا ۋە ئەنگلىيەگە كۆچۈرۈپ ئەكەتكەن.

دەسلەپتە، خىتايلار ماتىسنى دوستانىلىق بىلەن ياخشى كۈتۈۋېلىپ، (ئامېرىكا – خىتاي ئارىسىدى-

كى) ھەربىي ئالاقىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تەكىتلىمەكچى بولغان. شۇنداقلا خىتاينىڭ شى جىنپىڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پارتىيە ۋە ئارمىيە كاتتىباشلىرى (ماتىس بىلەن كۆرۈشۈش) ئىستراتېگىيەسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئامېرىكانىڭ تەيۋەنگە قورال سېتىپ بېرىشى ۋە باشقا سەزگۈر مەسىلىلەردە ماتىسقا بەك ئېغىر بېسىم قىلىۋەتمەسلىكنى پىلانلىغان.

بېيجىڭدا ماتىس بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىندا قوللىنىلماقچى بولغان دەسلەپكى مېتود «ترامپنىڭ مەيدانى بەكلا تۇراقسىز، ماتىس بىر يىل ئىچىدىلا بەشبۇرجەكلىك بىنادىكى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن، شۇڭا بۇ يىغىننىڭ ئەھمىيىتى ئانچە زور ئەمەس» دېگەن پىكىر سەۋەبلىك (ئىككىنچى لايىھەگە) ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. ئاندىن بۇ ئىككىنچى لايىھەمۇ ئامېرىكانىڭ ئىچكى قىسمىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن، ترامپنىڭ ماتىسنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كونكرېت ئىستىخبارات سەۋەبلىك يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىلگەن. ئەگەر بۇ ئىستىخبارات توغرا بولسا، خىتاي كومپارتىيەسى ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى تولۇق ۋە ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويالايتتى، شۇنداقلا ماتىسقا ئانچە دوستانە مۇئامىلە قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايتتى. خىتاينىڭ تەلەپلىرى ئامېرىكانىڭ تەيۋەنگە قورال – ياراغ سېتىپ بېرىشنى توختىتىش، ئامېرىكانىڭ «جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى خەلقئارالىق دېڭىزدۇر» دېگەن مەيدانىنى قەتئىي رەت قىلىش ۋە بېيجىڭنىڭ دېڭىز بايلىقلىرىنى قوغداش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ماتىس بېيجىڭدا خىتاينىڭ ھەرخىل سىياسىي ۋە ھەربىي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندا، شى جىنپىڭنىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى، شەرقىي خىتاي دېڭىزى ۋە تەيۋەن بوغۇزىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، «خىتاي بىر غېرىچ زېمىنىدىنمۇ ۋاز كەچمەيدۇ» دېگەن ھاقارەتلىك پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرۈشىدىن قارىغاندا، خىتاينىڭ ئۈچىنچى خىل لايىھەنى قوللانغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ماتىس 2018 – يىلى 12 – ئاينىڭ 20 – كۈنى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى ۋە خىزمەتنى ئۆتكۈزۈشلۈق ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن 2019 – يىلى 3 – ئاينىڭ 1 – كۈنىگىچە ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، ترامپ پاترىك شاناخان (Patrick Shanahan)نىڭ 2019 – يىلى 1- ئاينىڭ 1 – كۈنى ماتىستىن ۋەزىپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، مۇۋەققەت دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ترامپنىڭ بۇ ئىشى ماتىسنى شۇ كۈنىلا بەشبۇرجەكلىك بىنادىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى. كېيىن ترامپ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ماتىسنى «ئىشتىن بوشاتقان»لىقىنى ئېيتتى. رونالد رېگاندىن بۇيانقى ئەڭ كونسېرۋاتىپ پرېزىدېنت دېيىشكە بولىدىغان ترامپ بىلەن سىياسىي كۆز قاراشتا ئوخشىماسلىقلار بارلىقىنى بايقىغان ماتىسقا نىسبەتەن بۇ تولىمۇ ئازابلىق ئايرىلىش ئىدى.

ماتىس ئۆزىنىڭ 2018 – يىلى 6 - ئايدىكى پېژغىرىن ئىسسىقتا داۋاملاشقان ئىككى كۈنلۈك بېيجىڭ زىيارىتى جەريانىدا، رەھبەرلەر ئارىسىدا ياكى ھەربىي قىسىمدا ئاشكارا ئىختىلاپ بارلىقىنى بايقىمىغان. لېكىن، خىتاي ئارمىيەسىدىكىلەر ۋە خىتاي رەھبەرلىرى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى زور خەتەرگە دۇچ كەلمەكتە، دەپ قارايتتى.

ئەھۋالدىن خەۋەردار ئۇچۇر مەنبەلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تىزگىنىدىكى بۇ ئارمىيە (خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى) ئىككى چوڭ خىرىسقا دۇچ كەلگەن، شۇنداقلا بۇ خىرىسلار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتىنىمۇ تەھدىتكە ئۇچراتقان. بۇنىڭ بىرىنچىسى، شى جىنپىڭنىڭ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر قانچە كاتتىبېشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كىشىلەرنى «ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن» سىياسىي تازىلاش ھەرىكىتىدىن نەتىجىلەنگەن خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بارغانسېرى ئەدەۋاتقان مۇقىمسىزلىقتۇر. ئىككىنچىسى، خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان پېنسىيونېرلىرىغا پېنسىيە مائاشى بېرەلمىگەچكە، بۇ پېنسىيونېرلارنىڭ تىرىكچىلىك غېمىنى ھەل

قالالماسلىقىدىن شەكىللەنگەن، بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان نارازىلىقىدۇر. **2018** – يىلىدىن باشلاپ، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ پېنسىيونېرلىرى خىتايدىكى بىر قانچە شەھەردە، شۇنداقلا بېيجىڭدىكى خىتاي كومپارتىيەسى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ باش شتابى ئالدىدا كەڭ كۆلەملىك نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. مۆلچەرلەرگە كۆرە، كوچىغا چىقىپ نامايىشقا قاتناشقان ھەربىي پېنسىيونېرلارنىڭ سانى **1** مىليون **300** مىڭغا يەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئون مىڭ ئادەم قولغا ئېلىنغان. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ئاساسلىقى پېنسىيەگە چىققان ھەربىيلەرنىڭ نامايىشىنىڭ **1989** – يىلى **6** – ئايدا پارتىيەنى ئېچكى ئىختىلاپقا سالغان دېموكراتىك نامايىشقا ئوخشاش كەڭ كۆلەملىك نامايىشقا سەۋەب بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى.

شى جىنپىڭ ئارمىيەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئارقىلىق خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىدىكى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىۋاستە تۇغقاندارچىلىق ياكى قۇدا – باجىلىق مۇناسىۋىتى بار يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشنى مەقسەت قىلغانىدى. شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ **75** پىرسەنتلىك نىسبىتى بىراقلا ئەللىك پىرسەنتكە قىسقارتىلدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئانچە لاياقىتى يوق «شاھزادە»لىرىگە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان بېرىلىشمۇ ئۇلارنى ھەقىقىي ھەربىي ئەمەس، بەلكى سىياسىي رەھبەرلەر دەپ قارايدىغان كەسپىي ھەربىيلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ كەلدى. بۇ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇقىمسىزلىقنىڭ بارغانسېرى ئەدەۋاتقانلىقىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ئالامىتىدۇر.

خىتاي ھەربىيلىرىنىڭ تەيۋەننى ۋە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنى قانداق تىزگىنلەش (يۇتۇۋېلىش) ھەققىدىكى ئىختىلاپلىرىمۇ شى جىنپىڭنى تەشۋىشلەندۈرىدىغان يەنە بىر ئامىلدۇر. ئۇلارنىڭ ئىختىلاپى ئاساسلىقى «ياپونىيەگە يېقىن جايدىكى، ياپونىيەنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغىچە سوزۇلغان <بىرىنچى ئارال زەنجىرى> دەپ ئاتالغان ئاراللارنى يۇتۇۋېلىش كېرەكمۇ؟ ياكى قوشۇن ۋە تېخنىكىنى كۈچەيتىپ، دېڭىز ياقىسىدىن يىراق رايونلاردىكى، ئىككىنچى ئارال زەنجىرىنى، يەنى خىتاينىڭ دېڭىز قىرغىقىدىن بەكلا يىراقلاردىكى (ئامېرىكاغا تەۋە بولغان) گۇئام ئارىلى ۋە باشقا تىنچ ئوكيان ئاراللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بەلباغدىكى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز رايونلىرىنى تىزگىنلەش كېرەكمۇ؟» دېگەن مەسىلىگە مەركەزلەشكەن.

«بىر بەلباغ بىر يول» پروجېكتى شى جىنپىڭ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، خىتاينىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئەڭ مۇھىم يېڭى پىلانلارنىڭ بىرىدۇر. مەزكۇر پروجېكتقا كۆرە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى **12** يېڭى ھەربىي بازا ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقىغا كېڭىيىشنى پىلانلىغان. بۇ بازىلار ئىران، قاتار ۋە سەئۇدىي ئەرەبىستاندا قۇرۇلىدۇ.

شى جىنپىڭ يەنە «بىر بەلباغ بىر يول» پروجېكتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، خىتاي بىلەن ئېنېرگىيەگە باي ئوتتۇرا شەرق ئارىسىدىكى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق لىنىيەسىنى قوغداش ئۈچۈن جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغا جايلاشقان خېينەن ئارىلىدىكى سۇ ئاستى پاراخوتى بازىسىنى كېڭەيتمەكچى.

شى جىنپىڭ يەنە خىتاينىڭ يۇقىرى تېخنىكا ساھەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى تېزلەتمەكتە. ئۇ **2018** – يىلى «**1000** كۈنلۈك پىلان» دەپ ئاتالغان بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى. مەزكۇر پىلاندا **2022** - يىلىغىچە ھالقىلىق يۇقىرى تېخنىكا ساھەلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش نىشان قىلىنغان. مەزكۇر نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن **380** مىڭ نەپەر تەتقىقاتچى ۋە تېخنىك قوبۇل قىلىش پىلانلانغان.

خىتاي ئامېرىكانىڭ ئۆزىگىمۇ چاۋشيەنگە قوللانغاندەك ئۇسۇل قوللىنىشىدىن، يەنى پرېزىدېنت ترامپنىڭ تەھدىت ۋە سۆھبەت تەڭ قوللىنىلغان مېتود ئارقىلىق كىم جوڭئۇن (**Kim Jong-un**) ھاكىمىيىتىنى يادرو قوراللىرى ۋە ئۇزاق مۇساپىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىدىن ۋاز كېچىشكە قىستىغاندەك ئۇسۇلنى قوللىنىشىدىن

تەشۋىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن، مەزكۇر پىلاننى تۈزۈپ چىققان. شى جىنپىڭ ئامېرىكانىڭ چاۋشيەن بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، تىغ ئۇچىنى خىتايغا قارىتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا بىلەن چاۋشيەن ئارىسىدا ھەرقانداق يادرو كېلىشىمى تۈزۈلۈشىنى قولىدىن كېلىشىچە كېچىكتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

شى جىنپىڭ ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكانى مەغلۇب قىلىش پىلانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، خىتاي، رۇسىيە، چاۋشيەن، ئىران ۋە تۈركىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئامېرىكاغا قارشى دۆلەتلەر ئىتتىپاقى» شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئىتتىپاقنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئامېرىكا ئۈچۈن قاباھەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

خىتاي دۇنيا مىقياسىدا، پاناما قانىلىنىڭ ئىككى ئۇچىدا سودا پورتى قۇرۇشتىن تارتىپ، باھاما تاقىم ئاراللىرىدا ئاساسلىق سودا پورتى تەسىس قىلىشقىچە، تىنىمسىز ھەرىكەت قىلماقتا. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ھەربىي بازىلىرىنىڭ دائىرىسىنى سومالى يېرىم ئارىلىدىكى جىبۇتى (Djibouti)دىن پاكىستان، تاجىكىستان ۋە ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقىنىڭ ھەممە جايلىرىغىچە كېڭەيتتى.

خىتاينىڭ «بىر بەلباغ بىر يول» پروجېكتىدىكى نەچچە تىرىلىيون دوللارلىق ئۇل مۇئەسسە بەرپا قىلىش پىلانىنىڭ نىشانى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردۇر. خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى تۇنجى ھەربىي مۇئەسسەسى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ جىبۇتىدىكى «لېمونىيېر گازارمىسى» دېيىلىدىغان ھالقىلىق ھەربىي بازىسىغا بىر مىل (تەخمىنەن 1.6 كىلومېتىر، ت) كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. بۇ قەدەر يېقىن ئارىلىق تۈپەيلى، ئامېرىكا ھەربىي دائىرىلىرى خىتايلارنىڭ جاسۇسلۇق قىلىشىدىن ئەنسىرەشكەنىدى. دېگەندەك، 2018 – يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە، خىتايلار ئۆز بازىسىغا يېقىن جايدا ئۇچقان ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىغا لازېر نۇرى بىلەن كاشىلا تۇغدۇرغان. تاكى فېدېراتسىيە ئاۋىياتسىيە باشقۇرۇش ئىدارىسى (FAA) 2018 – يىلى 4 – ئاينىڭ 14 – كۈنى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مەزكۇر رايوندىكى ئۇچقۇچىلارنى خىتاينىڭ بازىسىدىن چىقىدىغان لازېر نۇرى كاشىلىسىدىن ئاگاھ بولۇشقا ئۈندىگەنگە قەدەر، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى بۇ ئىشنى يوشۇرۇن تۇتقان. فېدېراتسىيە ئاۋىياتسىيە باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۇچقۇچىلارغا تارقاتقان ئۇقتۇرۇشتا، ئامېرىكا بازىسىنىڭ ئەتراپىدا: «كۆپ قېتىم يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك لازېر قورallىرىغا چېتىلىدىغان لازېر نۇرى قويۇپ بېرىش ۋەقەلىرى يۈز بەردى» دېيىلگەن.

بەشىبۇرجەكلىك بىنانىڭ باياناتچىسى دېينا ۋايت (Dana White) لازېر كاشىلىسى ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ۋەقە سانىنىڭ «ئىككىدىن كۆپ، ئوندىن ئاز» ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ۋەقەلەر سەۋەبلىك ئامېرىكا ئۇچقۇچىلىرىنىڭ كۆزىنىڭ يارىلانغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ۋەقەدە، C-130 تىپلىق ئايروپىلاننىڭ ئۇچقۇچىلىرىنىڭ كۆزى لازېر نۇرى سەۋەبلىك قاتتىق زەخمىلەنگەن.

ئامېرىكا بۇ ئىشنىڭ سالمىقىنى سۇسلاشتۇرۇپ، خىتايغا «ئېتىراز» بىلدۈرۈش ياكى دىپلوماتىك نوتا تاپشۇرۇش بىلەن كۇپايىلەندى. ھالبۇكى، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئامېرىكا ھەربىيلىرىگە قىلغان ئاشكارا، دۈشمەنلىك ھۇجۇمىغا قارىتا جازا تەدبىرى، ھەتتا ھېچقانداق ھەرىكەت قوللانماسلىقتەك بۇ خىل قىلمىش ئۆتمۈشتە خىتاي كوممۇنىستلىرىنى تەنقىد قىلىدىغانلار تەرىپىدىن «ئېتىراز سەۋدالىقى» دەپ مازاق قىلىناتتى.

خىتاينىڭ جىبۇتىدىن كېيىنكى بازىسى «بېيجىڭنىڭ ئىسرائىلى» (خىتاي بىلەن پاكىستاننىڭ مۇناسىۋىتى ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ قويۇق مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىلغان، ت) دەپ ئاتىلىدىغان پاكىستاندا قۇرۇلدى. خىتاينىڭ پاكىستاننىڭ گۋادار شەھىرىدىكى سودا پورتى قۇرۇلۇشى تاماملىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنداقلا خىتاينىڭ بىر قانچە ھەربىيلەر ئۆمىكى 2018 – يىلىنىڭ باشلىرىدا پاكىستاننىڭ ئومان قولتۇقىدىكى، ئىران چېگراسىغا يېقىن جايدىكى جىۋانى شەھىرىدە دېڭىز ئارمىيە بازىسى قۇرۇش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن پاكىستاننى زىيارەت

قىلغان.

جىۋانىدا قۇرۇلغۇسى بازا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ھەم دېڭىز ئارمىيە، ھەم ھاۋا ئارمىيە بازىسى قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ گۋادار بىلەن بولغان ئارىلىقى يېقىن. جىۋانى تەخمىنەن 15 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى بىر يېرىم ئارالغا جايلاشقان بولۇپ، تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە بىر كىچىك ئايرودروم بار ئىدى. گۋادار بىلەن جىۋانى ئىككىلىسى پاكىستاننىڭ غەربىدىكى بالۇچىستان ئۆلكىسىگە قاراشلىق شەھەرلەردۇر.

جىۋانىدىكى بازىغا خىتاينىڭ ھەربىي ئايروپىلانلىرى، ترانسپورت ئايروپىلانلىرى ۋە يۈك ئايروپىلانلىرى ئۇچۇپ – قونالايدىغان ئۇزۇن ئۇچۇش – قونۇش يولى ياساش پىلانلانغان. گۋادار خەلقئارالىق ئايرودرومىمۇ ئېغىر تىپتىكى ھەربىي ترانسپورت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە يۈز خىتاي گۋادار پورتىدا خىزمەت قىلىدۇ. خىتاي بۇ يەردىكى بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى شەخسىي شىركەتلەرگە قىلغۇزۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەربىيلىك خۇسۇسىيىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

خىتاي پاكىستاندا ھەربىي بازا قىلىشنى ئويلىشىۋاتقان ئۇچىنچى ئورۇن گۋادارنىڭ بىر قانچە يۈز مىل شەرقىگە، ھىندى ئوكياننىڭ قىرغىقىدا، يەنى كاراچىغا يېقىن جايدىكى، ئالەم بوشلۇقى تەتقىقاتى ۋە ئىلغار ھېسابلاش مەركەزلىرى بىلەن تونۇلغان سونمىيانى (Sonmiani) قولتۇقىدۇر.

پاكىستاندىكى بۇ بازىلار خىتاينى پارس قولتۇقىدىن خىتايغىچە بولغان نېفىت توشۇش لىنىيەسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك قاتناش تۈگۈنلىرىنى تىزگىنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ھىندىستان ئارمىيەسىنىڭ پېنسىيەگە چىققان پولكوۋنىكى، سۈرەت ئىستىخباراتى مۇتەخەسسىسى ۋىناياك بات (Vinayak Bhat) جىبۇتىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئافرىقىدىكى بۇ بازىنىڭ بىر بىرىگادا ئەسكەر ۋە نەچچە ئون تىكئۇچار ئايروپىلاننى بىرتەرەپ قىلالىغۇدەك قىلىپ قۇرۇلغانلىقىنى ئېيتتى. 200 گېكتار چوڭلۇقتىكى بۇ بازىدا كەم دېگەندە ئون گازارما، ئوق - دورا ئىسكىلاتى، بىر ئىشخانا بىناسى ۋە بىر تىكئۇچار ئايروپىلان مەيدانى بار. «(جىبۇتىدىكى بازا) خىتاينى ئافرىقىدا ئۆز تەسىر كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەزكۇر مۇئەسسەسە يەنە گۋادار ۋە كاراچىدا قۇرۇلۇشى پىلانلىنىۋاتقان بازىلار ئۈچۈنمۇ ئۆرنەك قىلىنىشى مۇمكىن» دېدى بات (6).

2019 – يىلىنىڭ بېشىدا، بات ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسمىدا، يەنى ئافغانىستاننىڭ ئەڭ شەرقىگە ئون مىل كېلىدىغان جايدا خىتاينىڭ يەنە بىر بازىسى بارلىقىنى بايقىغان. سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرى بات بايقىغان بازىنىڭ، خىتاي چېگراسىغا 19 مىل كېلىدىغان قىزىل رابات (Kyzylrabot) دېگەن يەرگە جايلاشقانلىقىنى كۆرسەتتى.

جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى خىتاينىڭ گېئو - ئىستراتېگىيىلىك ھەربىي «مەرۋايىت زەنجىرى» (بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ تەبىرىدىكىدەك)نىڭ مەركىزىي نۇقتىسىدۇر. مەزكۇر ھەربىي «مەرۋايىت زەنجىرى» كاززابلىق بىلەن «تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىدىغان ئىقتىسادىي ئۇل ئەسلىھە پروگراممىسى» سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا خىتاي مۇشۇ خىل «ياردەم»لەر ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەربىي بازا، پورت ۋە زىيارەت ئىجازىتى قاتارلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، خىتاي دېڭىز ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيەسى چەتئەل مۇئەسسەسەلىرىنى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىۋاتىدۇ.

ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى راندال شرىۋېر (Randall Schriver) 2018-يىلى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ «بىر بەلباغ بىر يول» پروجېكتىنىڭ مۇھىم ئىشتىراكچىسى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. شرىۋېر «بەشبۇرجەكلىك بىنا خىتاي چەتئەلدە چوڭ تىپتىكى بازا قۇرىدۇ دەپ قارامدۇ-يوق؟» دېگەن

سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «بۇ پائالىيەتلەر ئوخشاش بىر تۈرگە تەۋە. ئۇلارنىڭ جىبۇتىدىكىگە ئوخشاش ئومۇمىيۈزلۈك بازىلارنى قۇرۇشى ناتايىن. ئۇلار نۆۋەتتىكى باسقۇچتا زىيارەت قىلىش ئىجازىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشى مۇمكىن. بىزنىڭ دىققەت قىلىشىۋاتقىنىمىز ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ پورت ۋە پورت ئەتراپىدىكى ئۇل ئەسلىھەلەر ئۈچۈن تالىشىۋاتقان جايلىرىدۇر. بىز ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئەھۋاللاردا (ھەربىي كۈچلەرنىڭ) كىرىش ئىجازىتى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىمىز» (7). زىيارەت ئىجازىتى كېلىشىمى خىتاي ئەسكەرلىرى، ئايروپىلانلىرى ۋە پاراخوتلىرىنى بازا ۋە ئەسلىھەلەرگە ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

**2018**-يىلى **8**-ئايدا، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ۋە دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ بىر قىسىم كېڭەش پالاتا ئەزالىرى پرېزدېنت ترامپقا خەت يېزىپ، «خەلقئارا پۇل فوندى»نىڭ خىتاينىڭ تالان – تاراج خاراكتېرلىق قەرزلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بىر قانچە دۆلەتنى قۇتقۇزۇشنى چەكلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ (يەنى خىتاينىڭ تالان – تاراج خاراكتېرلىق قەرزلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان دۆلەتلەرنىڭ) بىر مىسالى سىرىلانكادۇر. سىرىلانكا **2017**-يىلى **7**-ئايدا خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر شىركىتى بىلەن ھامبانتوتا **(Hambantota)** پورتىنى توقسان توققۇز يىللىق ئىجارە بېرىش توختامى ئىمزالىدى. سىرىلانكا (خىتايدىن ئالغان) قەرزنى قايتۇرالمىغاندىن كېيىن، خىتاي مەزكۇر زامانىۋى پورتنى ئىگىلىۋالدى. گرېتسىيەنىڭ پىراۋۇس ۋە ئاۋىستىرالىيەنىڭ دارۋېن شەھەرلىرىدىكى پورتلار توغرىسىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كېلىشىملەر ھاسىل قىلىنغان.

يەرشارى تەرەققىيات مەركىزىنىڭ دوكلاتىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشقا كۆرە، خىتاينىڭ **8** تىرىليون دوللارلىق «بىر بەلباغ بىر يول» پروجېكتى قاتناش، ئېنېرگىيە ۋە تېلېگراف ئۇل ئەسلىھەلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاقىدار تۈرلەردە **68** دۆلەتكە چېتىلىدۇ. بۇ دۆلەتلەردىن يىگىرمە ئۈچى بۇ پروجېكتقا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن «قەرز مۇشكۈلاتى»غا ئۇچرىغان، بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز دۆلەت خىتاينىڭ دۆلەت بانكىلىرىغا قەرزدارلىقى سەۋەبىدىن يۇقىرى ياكى كۆرۈنەرلىك خەتەرگە دۇچ كەلگەن. بۇ دۆلەتلەر جىبۇتى، قىرغىزىستان، لائوس، مالدىۋې، موڭغۇلىيە، قاراتاغ، پاكىستان ۋە تاجىكىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ **90**-يىللىرىدىن باشلاپ بەشبۇرجەكلىك بىنا ۋە دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىدە ئىشلىگەن پېشقەدەم خىتاي ئىشلىرى سىياسەتچىسى شىرىۋېر بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ تەيۋەننىڭ ھاۋا مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ئەمما تەيۋەن ھېلىھەم خىتاينىڭ دېڭىز بويىدىكى بازىلىرىدىكى تەيۋەنگە قارىتىلغان **2000** غا يېقىن باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا تاقابىل تۇرالمايدۇ. تەيۋەنگە (ئامېرىكانىڭ) «ۋەتەنپەرۋەر» ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى تۇرۇش سىستېمىسىدىن بىر قانچىسى سېتىلدى، ئەمما تەيۋەننىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەھدىتىدىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئېجىس ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش پاراخوتى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ يۇقىرى ئېگىزلىك رايونى مۇداپىئە سىستېمىسى **(THAAD)** قورال سىستېمىسىنىمۇ سېتىپ بېرىش كېرەك، بۇ ئىككىلىسى قىسقا ۋە ئوتتۇرا مۇساپىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا زەربە بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

خىتاينىڭ تەيۋەنگە قارىتىلغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى **DF-15**، **DF-11** ۋە **DF-16** تىپلىق قىسقا مۇساپىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى، شۇنداقلا **DF-21** تىپلىق ئوتتۇرا مۇساپىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **2000**-يىلدىن **2019**-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، كەڭ كۆلەملىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەھدىتى سەۋەبلىك تەيۋەن بوغۇزىدىكى ھەربىي كۈچ تەڭپۇڭلۇقى بېيجىڭغا پايدىلىق يۆنىلىشكە تەرەققىي قىلدى.

تەيۋەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەيبېي ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان

بومبا تەرەققىياتى جەھەتتە باشقا بىر خىل ئۇسۇلنى قوللاندى. ئىلگىرى ۋاشىنگتون «خەلقئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنىكىسىنى كونترول قىلىش تۈزۈمى» (MTCR) گە ماسلىشىش ئۈچۈن، تەيۋەننىڭ مۇساپىسى 310 مىلدىن ئاشىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياسىماسلىقنى تەكىتلەپ كەلگەنىدى. ھالبۇكى، تەيۋەننىڭ قۇرۇقلۇققا ھۇجۇم قىلىدىغان چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى «شيوڭفېڭ IIE» نىڭ مۇساپىسى «خەلقئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنىكىسىنى كونترول قىلىش تۈزۈمى»دىكى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن. تەيۋەننىڭ يەنە «ۋەنجيەن» ناملىق يىراق مۇساپىلىق ھاۋادىن قويۇپ بېرىلىدىغان چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىمۇ بار. ھەر ئىككى چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا خىتاينىڭ شەرقىدىكى مۇھىم نىشانلارنى خەۋپكە ئۇچرىتىپ، خىتاينىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

بەشبۇرجەكلىك بىنا يەنە ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئەسى ھۆددىگەر شىركەتلىرىنىڭ تەيۋەننىڭ خىتاينىڭ دېڭىز ئارمىيىسىگە تەھدىت سالىدىغان زامانىۋى سۇ ئاستى پاراخوتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىنى تەستىقلىدى. 2019-يىلى 3-ئايدا، ترامپ ھۆكۈمىتى F-16V تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلاندىن 66 نى تەيۋەنگە سېتىشنى تەستىقلىدى، بۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن بۇيان تەيۋەنگە سېتىلغان تۇنجى ئىلغار ئۇرۇش ئايروپىلانىدۇر. تەيۋەن ھۆكۈمىتى 2009-يىلدىن باشلاپ ئىزچىل ھالدا كونىرىغان ۋە ئۆپىراپ كەتكەن ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭىسىنى سېتىۋېلىشقا تىرىشىپ كەلگەنىدى.

تەيۋەن خىتاينىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىغا تەخمىنەن يۈز مىل (160 كىلومېتىر، ت) كېلىدۇ. خىتاي كوممۇنىستلىرى 1949-يىلى ئىچكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قالدۇقلىرى تەيۋەنگە قېچىپ كەتكەنىدى.

خىتاي جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى ۋە تەيۋەندىن باشقا، شەرقىي خىتاي دېڭىزىدىكى سېنكاكۇ ئارىلىنى ياپونىيەدىن قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ ۋە بۇ جەھەتتە كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەيۋە قىلىش ھەرىكەتلىرىنى باشلاپ بولدى. بۇ ھەرىكەتلەر تەيۋەننىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئادەمسىز كىچىك ئاراللارغا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانى ۋە ئۇرۇش پاراخوتىنى ئەۋەتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەربىي ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرىنىڭ قارىشى-چە، خىتاي ھەربىي مانېۋىرلارنى ئاساس قىلىپ، دېڭىز ئاستى نېفت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى كۆپ دەپ قارالغان سېنكاكۇ ئارىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن «قىسقا، شىددەتلىك ئۇرۇش» (8) قا تەييارلىق قىلماقتا.

دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ پېنسىيەگە چىققان كاپىتانى جېيمىس فانېل (James Fanell) تىنچ ئوكيان فلوتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستىخبارات ئەمەلدارى بولغان مەزگىلىدىكى سۆزىگە كۆرە، خىتاينىڭ سېنكاكۇ ئاراللىرىغا بولغان تەھدىتى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىگە بېرىلگەن «ياپونىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش» ۋەزىپىسىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ خىل ئۇرۇش «ياپونىيەنىڭ شەرقىي خىتاي دېڭىزىدىكى كۈچلىرىنى تارمار قىلىپ، سېنكاكۇ ئاراللىرىنى ئەمەس، ھەتتا ئامېرىكانىڭ ئوكىناۋادىكى ئىستراتېگىيىلىك ھەربىي بازىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنە بىر تۈركۈم ئاراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، جەنۇبتىكى ريۇكيۇ ئاراللىرىنىڭ خىتاينىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى بىلەن نەتىجىلىنىشى مۇمكىن» ئىكەن.

فانېل خىتاينىڭ ئۆزىگە قاراشلىق «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»دە (باشقا دۆلەتلەرگە) يادرو ھۇجۇمى قىلىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالغانلىقىنى ئەيىبلىدى، مەزكۇر گېزىتتىكى ماقالىدە خىتاينىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىدىن قويۇپ بېرىلگەن يادرو باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنىڭ ئامېرىكانىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى لوس ئانژېلېسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلارنى قانداق نىشانلايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن شەكىللىنىدىغان يادرو رادىياتسىيەسىنىڭ شەرققە كېڭىيىپ، 12 مىليون ئامېرىكالىقنى جىنىدىن جۇدا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە جار سېلىنغانىدى. ئۇ: «ئەگەر ئامېرىكادىكى ھەر قانداق تاراتقۇدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بايانات بېرىلگەن بولسا، خىتاينىڭ

قانچىلىك غەزەپلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ» دېدى.

فانېل خىتاينىڭ يوشۇرۇن ھەربىي ھەرىكىتى ھەققىدە ئوچۇق-ئاشكارە گەپ قىلىپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، «بىخەتەرلىك بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان»لىقى ئۈچۈن دېڭىز ئارمىيىسىدىن مەجبۇرىي چىقىرىۋېتىلگەن. 2014-يىلى 11-ئايدا، تىنچ ئوكيان فلوتىنىڭ باش مۇپەتتىشىگە سۇنۇلغان نامەلۇم ئەرزلەردە «فانېل چەتئەللىكلەر بار يەردە مەخپىي ئۇچۇرلار ھەققىدە توختالدى» دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئىستىخبارات خىزمىتىدىن يۆتكىۋېتىلگەن، ئەمما ئۇ بۇنىڭ ئورنىغا پېنسىيەگە چىققان. ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشى ئۇنىڭ خىتاي ئارمىيىسى توغرىسىدىكى، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى ۋە ئوباما ھۆكۈمىتىدىكى خىتاينى قوللايدىغان ئەمەلدارلارنى غەزەپلەندۈرگەن كەسكىن باھالىرىغا قارىتا سىياسىي ئۆچ ئېلىش دەپ قارالدى.

**(داۋامى كېلەر ساندا ئۇلاپ بېرىلىدۇ)**

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىلار:

**ھېكمەتيار ئىبراھىم ، ئەنۋەر قاراقۇرۇم**


**Chapter 12: Military Might**

1 James Fanell, "China's Global Naval Strategy and Expanding Force Structure: Pathway to Hegemony," Testimony to the US House Intelligence Committee, May 17, 2018, https://docs.house.gov/meetings/IG/IG00/20180517/108298/HHRG-115-IG00-Wstate-FanellJ-20180517.pdf.
2 Bill Gertz, *Enemies* (New York: Crown Forum, division of Random House, 2006).
3 Tate Nurkin et al., *China's Advanced Weapons Systems*, Jane's by IHS Markit, May 12, 2018, https://www.uscc.gov/sites/default/files/Research/Jane%27s%20by%20IHS%20Markit_China%27s%20Advanced%20Weapons%20Systems.pdf.
4 *PLA Daily*, October 25, 2018.
5 Ibid.
6 US-China Economic and Security Review Commission, *2018 Report to Congress of the US-China Economic and Security Review Commission*, November 2018, 8, https://www.uscc.gov/sites/default/files/annual_reports/2018%20Annual%20Report%20to%20Congress.pdf.
7 Dave Deptula, "Hypersonic Weapons Could Transform Warfare. The US Is Behind," *Forbes*, October 5, 2018, https://www.forbes.com/sites/davedeptula/2018/10/05/faster-than-a-speeding-bullet/#6496cd165ca6.
8 Translated copy of *Science of Military Strategy* obtained by the author.
9 Michael Pillsbury, "The Sixteen Fears: China's Strategic Psychology," *Survival* 54, no. 5 (2012): 149–82, DOI: 10.1080/00396338.2012.728351.

**Chapter 13: Flashpoints at Sea and China's String of Pearls Expansion**

1 Defense Authorization Act of 2000.
2 Bill Gertz, "Bolton Warns Chinese Military to Halt Dangerous Naval Encounters," *Washington Free Beacon*, October 12, 2018, https://freebeacon.com/national-security/bolton-warns-chinese-military-halt-dangerous-naval-encounters/.
3 According to two American officials familiar with the exchange. Mattis declined to comment.
4 Chinese state media; "China Won't Give up 'One Inch' of Territory Says President Xi to Mattis," BBC America, June 28, 2018, https://www.bbc.com/news/world-asia-china-44638817.
5 Remarks by Michael R. Pompeo, Secretary of State, March 1, 2019, Manilla, Philippines, https://www.state.gov/remarks-with-philippine-foreign-secretary-teodoro-locsin-jr/.
6 Quoted in an article for *The Print*.
7 Interview with the author.
8 Bill Gertz, "China Readies for 'Short, Sharp' War with Japan," Bill Gertz, *Washington Times*, February 19, 2014, https://m.washingtontimes.com/news/2014/feb/19/inside-the-ring-china-readies-for-short-sharp-war-/.
9 Ibid.


گۈلشەن ئاباس

ئىنسانىيەت ۋۇجۇدقا چىقارغان بارچە گۈزەللىكتە ئانىلارنىڭ بىۋاستە تۆھپىسى بار. بىر ۋاخ ئوخشىغان تاماق ئانىسىز داستىخانغا چىقمايدۇ. ھېچبىر ئائىلە ئانىسىز ھالدا ئىللىق، بەختلىك ئائىلە بولالمايدۇ. ھېچقانداق بىر جەمئىيەت ئانىلارنىڭ قۇربانلىقىسىز گۈزەل جەمئىيەت بولالمايدۇ. ئانىلار قەدىرلەنگەن، ھۆرمەتلەنگەن ۋە سۆيۈلگەن جەمئىيەتتىن ئىنسانىيەتكە شەرەپ، بەخت-سائادەت ۋە يۈكسىلىش ئېلىپ كەلگەن پەرزەنتلەر يېتىشىپ چىقىدۇ. بىر جەمئىيەتتە ئانىنىڭ ئورنى قانچە تۆۋەن بولسا، ئۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچى شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىنگەن، ئىسپاتلانغان ھەقىقەتلەردۇر.

بىزنىڭ بايان قىلماقچى بولغىنىمىز ئەنە شۇنداق ئانىلاردىن بىرىدۇر. بەزىدە قەدىرلىنىپ، بەزىدە قەدىرسىز قىلىنغان؛ ئائىلىسىگە بەخت-سائادەت كەلتۈرۈش يولىدا تىنىمسىز تىپىرلىغان؛ ئۆزىنى كۆچلەندۈرۈش يولىدا تىنىمسىز ئىزدەنگەن ۋە ئۆز كەسپىدە ئۇتۇق قازانغان بىر ئانا ھەققىدە يېزىۋاتىمىز.

56 ياشلىق بىر ئانىنى ئىنسانلىقتىن نېسىۋىسى يوق بىر نەچچە ئادەم تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى. چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان، ھاياتى ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە كېسەل داۋالاش بىلەن ئۆتكەن بىر ئانا رەھىمسىز، ۋىجدانسىز ۋە ئىمانسىز، مەنپەئەت تاماسىدا نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى قىلىدىغان بىر توپ چىلبۆرە ئارىسىدا قالدى. رەھىمسىز جالالاتلار ئانىنى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەندە، ئۆينىڭ تۆت تېمىدىن تارتىپ، ئانا تۇتقان قازان-چۆمۈچكىچە بولغان ھەر بىر نەرسىنى ئېغىر غېرىپلىق، ھەسرەت قاپلىدى. ئۆي ئىچى زىمىستانغا ئايلاندى. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكلەر تۈپەيلى نەچچە مىليون ئانىنىڭ قەلبى قان يىغلاۋاتقان ئايلاردا، يەنە بىر ئانا ئۆز ئەركىدىن ئايرىلدى. مانا بۇ ئانا تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر تەبىئي پەن ئالىمى ئابباس بۇرھان ئەپەندىنىڭ قىزى، مەشھۇر دورىگەرلىك تەتقىقاتچىسى دوكتور رىشات ئابباس ئەپەندىنىڭ سىڭلىسى، تونۇلغان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى روشەن ئابباس خانىمنىڭ ئاچىسى – دوكتور گۈلشەن ئابباس خانىم ئىدى.

**2018**-يىلى سېنتەبىردە تۇتقۇن قىلىنغان دوكتور گۈلشەن ئابباس **1962**-يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، جامائەت ئەربابى ئابباس بۇرھان ئەپەندى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. **1985**-يىلى ئۈرۈمچىگە جايلاشقان تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن. گۈلشەن ئابباس خانىم ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تارتىپ سالامەتلىكى سەۋەبلىك بالدۇر پېنسىيەگە چىقىشقىچە بولغان ئارىلىقتا، ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى «شىنجاڭ نېفىت شىركىتى نۇرلۇق ئىشچىلار دوختۇرخانىسى»نىڭ دوختۇرى بولۇپ خىزمەت قىلغان.**(1)**

ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنى رەئىسى روشەن ئابباس خانىمنىڭ بايانىچە، گۈلشەن ئابباس خانىم روشەن ئابباسنىڭ ئامېرىكادىكى كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكەتلىرى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنغان ئىكەن. **(2)**

روشەن ئابباس خانىم ئامېرىكانىڭ دۇنياغا داڭلىق خۇدسۇن تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر توغرىسىدا مەخسۇس توختالغان بولۇپ، ئۇ شۇ قېتىملىق سۆزىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى نەچچە مىليون ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ جازا لاگېرلىرىغا سولانغانلىقىنى خەلقئارا جامائەتچىلىككە ئاشكارىلىغان. روشەن ئابباسنىڭ پىكرىچە، خىتاي مۇشۇ سەۋەبلىك گۈلشەن ئابباس خانىمنى تۇتقۇن قىلغان.

دۇنيادا مەدەنىيلىك، دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدا ھەر يىلى مىڭلاپ يىغىلار ئېچىلىدۇ. مىلياردلىغان ئىقتىساد مۇشۇنىڭ ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ. مىڭلىغان تەتقىقاتچى مەخسۇس مەدەنىيلىكنى، يەنە باشقىلىرى ئىنسان ھەقلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. دۇنيادا ھەتتا قۇرۇت-قوڭغۇزلارغىچە زىيانكەشلىككە ئۇچرىماستىن، ئۆز ئەركى بويىچە ياشاش تەرغىپ قىلىنىدۇ. تۈرمىلەردىكى جىنايەتچىلەر راھەت ئورۇندۇقتا ئىككى پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىتابلىرىنى ئوقۇپ ھوزۇر ئالالايدۇ. ئەمما، نۆۋەت ئۇيغۇرغا كەلگەندە، ئاتمىش ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان، ئاسىراشقا، كۆيۈنۈشكە ۋە قوغدىلىشقا لايىق

ئاقكۆڭۈل، باغرى يۇمشاق ئانىلار جازا لاگېرلىرىدا ئازاب چېكىدۇ. دۇنيا پەقەت بۇنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنى سۆزلەپ قويۇش بىلەن بولدى قىلىدۇ. ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىدىكى ئەربابلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئەللىك، ئاتمىش ياشلاردىكى خانىملىرى خالىغان يېرىگە بېرىپ، خالىغان جايدا ساياھەت قىلىدۇ. پەرزەنتلىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ خۇشال كۈلىدۇ. ئىنسانلىق ھەققى ئەڭ ئېغىر دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ ئانىلىرى بولسا جازا لاگېرلىرىدا خورلىنىدۇ، ئازاب چېكىدۇ، ھەتتا تاياق يەيدۇ ...

دوكتور گۈلشەن ئابباس خانىمنىڭ تۇتقۇن قىلىنغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ قايسى لاگېردا تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقانلىقى، سالامەتلىك ئەھۋالى ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئىككى يىلدىن بېرى ھېچبىر خەۋەر يوق.

ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان زىبا مۇرات ئاپىسى گۈلشەن ئابباسنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقى توغرىسىدا سۆز قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «2018- يىلى سېنتەبىردىن باشلاپ ئاپام بىلەن بولغان ئالاقىمىز ئۈزۈلدى. ئاپام تۇتۇلۇپ كېتىپ سىڭلىم ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يەڭگىدى. ئاپام بولسا، ئۆزىنىڭ يەنە بىر نەۋرىلىك بولغانلىقىدىنمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. بىزمۇ بالىلىرىمىزنى ئاپىمىزنىڭ ياردىمىسىز چوڭ قىلىمىز دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدۇق. شۇڭا ئانىلىرى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا «ئانىڭىزغا بولغان مىننەتدارلىقىڭىزنى ھەر زامان ئىزھار قىلىپ تۇرۇڭ» دەپ خىتاب قىلغۇم كېلىدۇ. بىز ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئادەملىرىدىن، سۆيگەنلىرىدىن مەجبۇريي ئايرىۋېتىلگەن ئىنسانلارنىڭ ئاۋازى بولۇشنى ھەرگىزمۇ توختاتمايمىز. ئۈمىدسىز ئۇيغۇر ئانىلىرىنى پەرزەنتلىرى بىلەن جەم قىلىش ئۈچۈن بىرلىكتە كۆرەش قىلايلى.»(3)

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى

نەقىل مەنبەلىرى:


(1) https://bitterwinter.org/the-case-of-dr-gulshan-abbas-one-year-later/

(2) https://campaignforuyghurs.org/ug/روشەن-ئابباس-دوختۇر-گۈلشەن-ئابباس-خان/

(3) http://turkistantimes.com/uy/news-12731.html



# ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى

جىمي كۇۋىن

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇرلارنى «دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك مۇسۇلمانلار» دېيىشىدۇ. خىتاينىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىغان شەرقىي تۈركىستاندىن بۇ سۆزنىڭ قارشىسىغا دەلىل بولىدىغان ئۇچۇرلار ئېقىپ چىقماقتا. ئىيۇل ئېيىدا ئامېرىكا باج ئەمەلدارلىرى شەرقىي تۈركىستاننى مەنبە قىلغان، ئىنسان چېچىدىن ياسالغان، 13 تونना ئېغىرلىقىدىكى گۈزەللىك مەھسۇلاتلىرىنى قولغا چۈشۈردى. شۇنداقلا، كۆزى تېگىلغان مەھبۇسلارنىڭ پويىز ۋاگونلىرىغا ئېلىپ چىقىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى بىر ۋىدىئو تور ساھەسىنى قاپلىدى. ئۆتكەنكى بىر نەچچە يىلدا، بەزى كىشىلەر شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىنسانىيەت تراگېدىيىسىنى شىمالىي كورىيەدىكى ھاكىممۇتلەق تۈزۈم بىلەن، ھەمدە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق بىلەن سېلىشتۇرما قىلدى. مۇناسىۋەتلىك يېقىنقى دەلىللەر بولسا يەھۇدىي قىرغىنچىلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇلدى. ئامېرىكا چوڭ قىرغىنچىلىقنى خاتىرىلەش مۇزېيىنىڭ «Simon-Skjodt» مەركىزى ئۆتكەن يىلى ئوتتۇرىغا چىقارغان بىر دوكلاتتا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»نىڭ «ئۆتمۈشنىڭ جىددىي ۋەدىلىرى بىلەن دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى بىر ۋەھشىيلىكنى» بىر-بىرىگە باغلاش ئارقىلىق تەشۋىق قىلىدىغان بىر كەلىمە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تولىمۇ ئەپسۇسكى، «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن بۇ كەلىمە نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى تەسۋىرلەشكە ماس كېلىدۇ.

تەتقىقاتچىلارنىڭ، ژۇرنالىستلارنىڭ ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ جاسارەت بىلەن ۋۇجۇدقا چىقارغان ئەمگەكلىرىگە رەھمەت ئېيتىمىز. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا تۈركىي ئاز سانلىقلارنى باشتۇرۇشلىرىنى 2017-يىلى كەڭ كۆلەمدە تۈتقۇن قىلىشقا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق يېڭىچە، ئورۋېلچە كۆزىتىش دۆلىتىنى بەرپا قىلىپ چىققانلىقى نۆۋەتتە ھەممىگە تونۇشلۇق بىر ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ياغلىما تېرمىنلىرى بولغان «قايتا تەربىيىلەش» ۋە «كەسپىي تەربىيىلەش» ئورۇنلىرىدىن «ئوقۇش پۈتتۈرۈگەن»دىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى قۇل ئىشچىلىققا مەجبۇرلاندى. ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مىليون كىشىنىڭ تۈتقۇن قىلىنغانلىقى، ئۈچ مىليون كىشىنىڭ تۆرلۈك قايتا تەربىيىلەش ئارقىلىق تازىلانغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. باشقىلار بولسا ساختا جىنايەتلەر بىلەن قارىلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى. بېيجىڭ 2104-يىلى يۈز بەرگەن ئاز ساندىكى تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ (تۈتۈپ سولاش دېگەندەك ۋاستىلەر ئارقىلىق) ئاشقۇنلۇق ئۈستىدىن غالىپ كەلگەنلىكىنى داۋا قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بېيجىڭنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى كونترول قىلىشىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت.

يىللاردىن بۇيان مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئاكتىۋىستلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋالنى «مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى» دەپ ئاتاپ كەلدى. بۇ ئاتالغۇ كۈچلۈك بىر مەنىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە ئەنئەنىسىنى يوق قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خىتاي كومپارتىيىسى قەبرىستانلىقلارنى چېقىپ، تۈزلىۋەتتى، مەسجىدلەرنى تاقىۋەتتى، شۇنداقلا كۆپلىگەن دىنىي ئىبادەت ۋە دىنىي ئىپادىلەرنى غەلىبىلىك ھالدا جىنايەت دەپ بېكىتتى. ھالبۇكى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 1948-يىلىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىدە، مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى جىنايەت دەپ بېكىتىلمىگەن. ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاشنىڭ ئورنىغا مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى دەپ ئاتاش شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋالنى كۆپتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز نۇقتىئىينەزىرىگە قارا سۇۋاشتىن ساقلىنىدىغان ئېھتىيات يولى بولۇپ كەلگەن ئىدى. نۆۋەتتىكى دەلىل-ئىسپاتلاردىن قارىغاندا، «مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى» دەپ ئاتاشقا ھاجەت قالمىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى كەڭ كۆلەملىك تۈتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى بۆسۈش خاراكتېرلىك ئاشكارىلىغان گېرمانىيەلىك ئىنسانشۇناس ئادرىيان زېنز (Adrian Zenz) شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش كۆزلەنگەن سېستىمىلىق ھالدىكى مەجبۇرىي ھامىلە چۈشۈرۈۋېتىش ۋە تۇغۇت كونترول قىلىش پروگراممىسى توغرىسىدا يېڭى دوكلات ئېلان قىلدى. ئادرىيان

زېنزىنىڭ بايقاشلىرىدىن بىرى شۇكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىككى چوڭ ئۇيغۇر ۋىلايىتىدە **2015**-يىلىدىكى تۇغۇلۇش نىسبىتى **2018**-يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا **84** پىرسەنت تۆۋەنلەپ كەتكەن. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزا-قىشلاقلىرىدىكى **14**پىرسەنتتىن **34**-پىرسەنتكىچە بولغان ئۇيغۇر ئاياللىرى تۇغماسلىق ئوپېراتسىيىسىگە قاتناشتۇرۇلغان. خىتاي كومپارتىيىسى يەنە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تۇغۇت يېشىدىكى سەكسەن پىرسەنت ئايال كىشىنى تۇغماس قىلىۋېتىشنى ياكى بالىياتقۇسىغا ھامىلدار بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى سېلىشنى پىلانلىغان. ئادرىيان زېنزىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئوخشاش مەزگىلدە خىتاي دۆلىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ نىسبىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك رەۋىشتە ئاشۇرغان. ئادرىيان زېنز ئىرقنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ نوپۇس كونترول قىلىش تېخنىكىسىنى «جۇمەكنى ئېچىش، جۇمەكنى تاقاش» بىلەن سېلىشتۇرما قىلغان. بۇ ھال كىشىگە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ تىبەتتىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى ئەسلىتىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان خىتاي كومپارتىيىسى ئەمەلدارى چېن چۈەنگو رەھىمسىزلىك بىلەن نام چىقارغان.

بۇ (يەنى تۇغۇت كونترولى) ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ قاراشقا بولىدىغان بەش قىلمىشنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەھدىنامىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:«توپلۇم ئارىسىدا تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش (ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئىپادىلىرىدىندۇر.)» ئالتىنچى ئايدىن ئاۋۋال، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ قاراشقا بولىدىغان باشقا تۆت قىلمىشقا چېتىشلىقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-پاكىتلار ئوتتۇرىغا چىقىپ بولغان بولۇپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇيغۇر خەلقىگە «ئېغىر دەرىجىدە جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتە زىيانكەشلىك قىلغان»لىقى ئىسپاتلىنىپ بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي كومپارتىيىسى تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنى يېتەرلىك دەرىجىدىكى ياشاش شارائىتى بىلەن قەستەن تەمىنلىمەسلىك ئارقىلىق، (تۇتقۇن قىلىنغان) ئۇيغۇر خەلقىنى «جىسمانىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن زىيانلىنىشنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان ھېسابلىق ياشاش شارائىتى»غا بەنت قىلغان. شۇنداقلا، خىتاي كومپارتىيىسى ئاتا-ئانىلىرى جازا لاگېرلىرىغا سولانغان «ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا باشقا گۇرۇپپىلارغا يۆتكەش» ئارقىلىق، ئۇلارنى دۆلەت مۇئەسسەسەلىرىگە ئەۋەتىۋەتكەن.

مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش ۋە تۇغماس قىلىۋېتىشنىڭ ئاشكارىلىنىشى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. زېنزىنىڭ دوكلاتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى تەشكىلاتىدىن ئىككىسى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىگە شىكايەتنامە سۇنۇپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى شىكايەت قىلدى. سەككىزىنچى ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، «**politico**» گېزىتى ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋالنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاشنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇھاكىمە قىلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. زېنزىنىڭ يېڭى دوكلاتى بۇ خىلدىكى قانۇنىي قارارغا يېڭى يول ئاچقانلىقى ئېنىق.

ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىدە تىزىلغان، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھېسابلىنىدىغان قىلمىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىرگە، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ئادۋۇكاتلىرى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ بىر «مىللىي، ئېتنىك، ئىرقىي ياكى دىنىي توپلۇم»نى نىشانغا ئالغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ نىشانغا ئېلىشنىڭ ئۇيغۇرلارنى «تامامەن ياكى قىسمەن» ھالەتتە نابۇت قىلىشنى غەرەز قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلىشى كېرەك. ئېنىقكى، ئۇيغۇرلار ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ قوغدىشى ئاستىدىكى توپ. خىتاي كومپارتىيىسىنى غەرىزى ئىشنىڭ باش قېتىنچىلىقى قىسمى.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى خىتاي كومپارتىيىسى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى ۋەيران قىلىش غەرزىدە ھەرىكەت قىلغانلىقىنى قانداق ئىسپاتلايدۇ؟ تۇغۇتنى كونترول قىلىش، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋېتىش قاتارلىقلار ھۆكۈمەتنىڭ ماسلاشتۇرۇش تىرىشچانلىقىنىڭ ھەممىسى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ بۇ خىل غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئۇزۇن مۇساپىلىك يولغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئازدۇر-كۆپتۇر ئىپادىلەيدۇ. ھەتتا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر

دەرىجىدە تېررورىزم تەھتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى جاكارلاش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ناھايىتى ئېنىق رەۋىشتە ئىپادىلىدى. خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ دىنىي ئىشلار ئەمەلدارىدىن بىرى 2019-يىلىدىكى بىر ماقالىسىدە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا «ئۇلارنىڭ نەسەبىنى بۇزۇش، يىلتىزىنى قۇرۇتۇش، ئالاقىسىنى يوق قىلىش، كېلىش مەنبەسىنى ۋەيران قىلىش» كېرەكلىكىنى يازدى. ھالبۇكى، ناۋادا بۇ خىل غەرەزنىڭ ئوچۇق ئىپادە قىلىنىشى تولىمۇ ئاجىز بولغان تەقدىردە، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى تىرمىشىشىنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇر خەلقىگە قارشى «فىزىكىلىق» ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش غەرىزىنى ئىسپاتلايدىغانلىقىنى جاكارلىسا بولىدۇ. بۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يۇگوسلاۋىيە ئۈرۈش جىنايەتچىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك سوتتا قىسمەن مۇخالىپ قاراش بىلەن سۇنۇلغان بىر يۈرۈش قانۇنى مۇھاكىمە ھېسابلىنىدۇ.

بىراق، قايىل قىلارلىق بىر قانۇنىي تالاش-تارتىش بولغان تەقدىردىمۇ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى بېكىتىش قارارى رىقابەتكە تولغان بولىدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىككى چوڭ ۋەھشىيلىكتە، يەنى 90-يىللاردىكى رۋاندا ۋە بوسنىيەدە يۈز بەرگەن ۋەھشىيلىكتە، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قوللىنىشتىكى سىياسى بېسىمنى ئاشۇرۇۋېتىشتىن ئەنسىرىگەن. بىراق، كۈنىمىزدە ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىكى ئاساسلىق توسالغۇ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان ئېتىبارنىڭ كەمچىللىكىدىن ئىبارەت. بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ 2004-يىلى دارفۇردا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەنلىكىنى بېكىتكىنىدەك، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بېكىتىلىشى كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئاشۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىنكاس قايتۇرىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

بېيجىڭنىڭ ئۈستىلىق بىلەن ساختا خەۋەر تارقىتىش قىلمىشى ۋە باشقا دۆلەتلەرگە مەبلەغ سېلىشى ئۇنى ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقانلىرى توغرىسىدا ئومۇمەن جازاغا ئۇچرىمايدىغان ھالەتكە ئېلىپ كەلگەن. خىتاي كومپارتىيىسى بۇ جەھەتتە غايەت زور نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، باشقا دۆلەتلەرنى ئۆزىنىڭ (ۋەھشىيانە) قىلمىشلىرىدىن كۆز يۇمۇشقا قايىل قىلىپلا قالماي، ھەتتا ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ ئۆز قىلمىشىنى قوللاتقۇزدى. (ئادرىيان زېنزنىڭ) تۇغۇت چەكلەش دوكلاتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە 46 دۆلەت شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇتقۇن قىلىشنى ماختاپ، بېيجىڭنىڭ تېررورىزمغا قارشى كۈرەشتىكى ئەمگەكلىرىنى ۋە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى تەبرىكلىدى. بۇ 46 دۆلەتنىڭ ئومۇمىسى خىتايدىن غايەت زور مەبلەغ قوبۇل قىلغان ۋە بېيجىڭنىڭ ئاشقۇنلۇق توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە ئىشىنىدىغان ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردىن يىگىرمە ئىككىسى ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەردۇر. دۇنيادىكى لىبېرال دېموكراتىك دۆلەتلەر بۇ مەسىلىدە نىسبەتەن ياخشى مەيدان تۇتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تىرىشچانلىقلىرى بەكمۇ كەمچىل. كۆپلىگەن ياۋروپا دۆلەتلىرى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئەنسىرىشىنى ئىپادە قىلىپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلدى. باشقا ياۋروپا ئەللىرى بولسا بۇنداق قىلىشنىمۇ رەت قىلدى. 2022-يىلىدىكى قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسى يەنىلا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلمەكچى.

ئامېرىكا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇش ئارقىلىق، ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشىيلىكنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاشتىن يىراق تۇرۇشىنى ۋە ئۇزۇن زاماندىن بۇيان ئەھۋالنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاش يولىدا بولۇۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. ئۇيغۇر قۇل ئىشچىلىرىنىڭ ئەمگىكىنى قوبۇل قىلىش بىلەن يۈزىگە داغ چۈشۈرگەن خەلقئارالىق شىركەتلەر – ھەتتا ئامېرىكا بۇ يىل يازدا بىر قىسىم چەكلەش تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان، بۇ ھال بۇ شىركەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغان تۇرۇقلۇق – بۈگۈنكى كۈنگىچە ئومۇمىي جەھەتتىن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۈچلۈك تەنقىدىگە دۇچ كەلمىدى. مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش مەسىلىسىدىن

**سىرت، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بايقىلىشى ئامېرىكادىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇ شىركەتلىرىنى خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرۇلۇق يالغان ئۇچۇر تارقىتىشىغا يول قويۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشكە قايىل قىلىشى مۇمكىن.**

**ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىيلىكنى توسۇش يولىدىكى بەزى مۇتەخەسسىسلەر ئىرقىي قىرغىنچىلىققا بەك كىرىشىۋېلىشنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە قورقۇنچلۇق بولىدىغان باشقا جىنايەتلەرگە – مەسىلەن، پەقەت سىياسىي مەقسەت تۈپەيلىدىنلا كەڭ كۆلەملىك قىرغىن قىلىشقا – مۇراجىئەت قىلىش ئېهتىياجىنى ئازايتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاهلاندۇرۇش بېرىدۇ. بەزى خىتاينى كۆزەتكۈچىلەر، ترامپ هۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭ بىلەن بولغان ئىختىلاپىنى ئۇنچىۋالا سىياسىيلاشتۇرۇۋېتىشىدىن، نەتىجىدە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى «خىتاينى قىيىنچىلىققا سېلىش»تىكى باشقا بىر كوزىر قىلىۋېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ. هالبۇكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسىلىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان دەلىل-ئىسپاتلار تولىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ھەقتە قارار چىقىرىشنى كېچىكتۈرۈش، ياكى، تېخىمۇ يامىنى بۇ مەسىلىگە ئېرەنشىمەسلىك ناھايىتى چوڭ سىياسىي خاتالىق بولۇپ قالىدۇ.**

**ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاش قانچىلىك مۇھىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانۇنىي تالاش-تارتىشلارنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇيغۇرلارغا كەلتۈرۈۋاتقان ئېغىر ئىنسانىي چىقىملارنىڭ ئاشكارا بولۇشىغا توسالغۇ بولماسلىقىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. ترامپ هۆكۈمىتى ئامېرىكاغا قاچقان، مېهرىگۇل تۇرسۇنغا ئوخشاش هايات قالغۇچىلارنىڭ هېكايىلىرىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. مېهرىگۇل تۇرسۇننىڭ 2018-يىلى ئامېرىكا كونگرەسى ئىجرائىيە كومىتېتىدا خىتاي توغرىسىدا بەرگەن يۈرەكلەرنى لەززىگە سالىدىغان گۇۋاھلىقى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن خەۋەرسىز قالغۇچىلارغا ئاڭلىتىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ گۇۋاهلىقى تولىمۇ ئاز كىشىنىڭ قەلبىگە ئورنىغان ئاددىي بىر جۈملە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:«مېنىڭ قىيىن-قىستاقتا ئېلىنىشىمغا، نارىسىدە ئوغلۇمنىڭ ۋاپاتىدا ۋە كۆپلىگەن گۇناهسىز ئۇيغۇرلارنىڭ كاماپلاردا ئۆلۈپ كېتىشىدە مەسئۇلىيىتى بار خىتاي ئەمەلدارلىرىغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتكەيسىلەر.»**

**ئىزاهات:**
**جىمىي كۇۋېن دۆلەتلىك تەقرىز ئىنىستىتۇتى سىياسىي ژۇرنالىزىم بۆلۈمىدىكى ۋىلىيام بۇكلېي تەتقىقات پروگراممىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى**

ئىنگلىزچىدىن هېكمەتيار ئىبراهىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**
**https://www.nationalreview.com/magazine/2020/09/21/the-uyghur-genocide/**



# بىسمارك ۋە گېرمان ئىمپېرىيىسى

مىلادىدىن كېيىنكى ئىككىنچى مىڭ يىلنىڭ ئومۇمىي قىسمىدا مەركىزى ياۋروپا كۆپلىگەن ئۇششاق دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن ئىدى. مەركىزى ياۋروپا خەلقىنىڭ ئۆزىنى «گېرمان مىللىتى» دەپ قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە نەچچە ئەسىر ۋاقىت كەتتى.

ئوتتو فون بىسماركنىڭ (1815-1898) دەۋرىدە گېرمانلار تېخىچە بىرلىشىپ، بىر دۆلەتنى شەكىللەندۈرەلمىگەن ئىدى. بىسمارك بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى. ئۇ بىرلىككە كەلگەن گېرمان دۆلىتى قۇرۇپ چىقىشنى پارلامېنتتا سىياسىي يول ئارقىلىق ئەمەس، تۆمۈر ۋە قان (قورال ياراق بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋە قان تۆكۈش) ئارقىلىق ھەل قىلىشقا بەل باغلىدى.

فېردىناند گۆچىن گلىنت ئىسىملىك يىگىرمە ئىككى ياشلىق بىر ياش يىگىت بولۇپ، ئۇ جەنۇبىي گېرمانىيەلىك ئىدى. نۆۋەتتە پەقەت بىرلا سەۋەب تۈپەيلىدىن – گېرمانلار ئىككى تەرەپ بولۇپ ئۇرۇشماقچى بولغان، پات ئارىدا يۈز بېرىش ئالدىدىكى ئۇرۇشنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن – بېرلىندا ئىدى. يۈز بېرىش ئالدىدىكى ئۇرۇش قېرىنداشلار ئارىسىدا بولىدىغان ئۇرۇش ئىدى. ھاياجىنى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ ياش يىگىتنىڭ نەزىرىدە ئىچكى ئۇرۇشنى باشلىماقچى بولغانلار ۋەتەن خائىنلىرى ھېسابلىناتتى. ياش يىگىت گۆچىن تىنچلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پەقەت بىرلا ھەل قىلىش چارىسى بار دەپ قارايتتى. يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان، كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان بۇ زىددىيەتنىڭ باشچىسى بولغان كىشىنى يوق قىلىش گۆچىننىڭ كاللىسىدىكى بىردىنبىر ھەل قىلىش چارىسى ئىدى. يوقىتىلماقچى بولغان كىشى بولسا پرۇسسىيەنىڭ (Prussia) باش مىنىستىرى ئوتتو فون بىسمارك ئىدى. تاشقى دۇنيانىڭ نەزىرىدە بىسمارك يېڭىلىق، ئىسلاھات، سىياسىي ئۆزگۈرۈش قاتارلىقلارغا قارشى ئەڭ ئاۋانگارت شەخس دەپ قارىلاتتى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بىسماركنىڭ كۆپلىگەن ئۇششاق يەرلىك دۆلەتلەرنى پرۇسسىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئاستىغا ئېلىش ئىرادىسىگە نوقۇل ھالدا ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى سەۋەب بولغان بولماستىن، بەلكى پرۇسسىيەنىڭ كۈچ ۋە ھوقۇققا بولغان ئاچكۆزلۈكى سەۋەب بولماقتا دەپ قارىلاتتى.

ياش يىگىت بىسماركنى قەستلەش ئارقىلىق، ئىچكى ئۇرۇشنى توسۇپ قېلىش غەرىزى ئەمەلگە ئاشمىدى. يىگىت بىسماركنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن تاپانچى تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى. ياش يىگىت بىسماركنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىققان چاغدا ئۇنىڭغا قول سالدى. بىسمارك بۇ كۈنى ئۈچىسىغا قېلىن كىيىم كىيگەن ئىدى. قاتىل يېقىن ئارىلىقتا تۇرۇپ بىسماركقا ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچە پاي ئوق ئۈزدى. بىراق، تاپانچىنىڭ ئېتىش كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بولغانلىقتىن، قاتىلنىڭ بىسماركنى ئۆلتۈرۈش غەرىزى ئىشقا ئاشمىدى. ئوقنىڭ زەربىسىدىن بىسمارك يارىلانمىدى، پەقەتلا ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئوق زەربىسى تەگكەن قىسمى كۆكىرىپ قالدى. ناۋادا قاتىل غەرىزىگە مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا يېتەلىگەن بولسا نېمە ئىش بولاتتى؟

تارىخچى فرانك لوزار كرول مۇنداق دەيدۇ:

«بىسمارك 1886-يىلىدىكى قەستلەشتە ھالاك بولغان بولسا، ئاشۇ ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن بولاتتى. ئەينى چاغدا بىسماركتىن باشقا ھېچكىم گېرمانىيەدە ئىچكى ئۇرۇش بولۇشنى خالىمايتتى. بىسمارك ئۆزىنى قەستلىگۈچى ئىشلەتكەن تاپانچىنى تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە يېنىدا ساقلىدى. ئۇنى قەستلىگۈچى بولسا، تۈرمىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. بىسمارك ئۆزىنىڭ سۇيىقەستتىن ئامال قېلىشىنى گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئۈچۈن بولىدىغان جەڭنى باشلاشنىڭ تۇگۈنى دەپ قارايدۇ. ئەينى دەۋردە گېرمانىيە ئوتتۇز نەچچە ئۇششاق مۇستەقىل دۆلەتكە بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ ئۇششاق دۆلەتلەر گېرمانىيە فېدراتسىيىسى ئاستىغا يىغىلغان ئىدى. پرۇسسىيە بىلەن كۈچى ئاجىز ئاۋستىرىيە شۇلاردىن ئىككىسى ئىدى. بىراق پرۇسسىيە

ئاۋسترىيەنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا شلېسۋىگ ۋە خولستىن ھۆكۈمدارلىرىنى ئۆز كونتروللۇقىدا تۇتۇشقا تىرمىشۋاتاتتى. پرۇسسىيە بىلەن ئاۋسترىيە ئارىسىدا بۇ توغرۇلۇق چىققان ئىختىلاپ كىمنىڭ گېرمانىيە، ئاۋسترىيە ياكى پرۇسسىيە توغرىسىدىكى پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بارلىقى توغرىسىدىكى كۈچ سىنىشىش ئىمتىھانى بولۇپ قالدى. قارار ئەركىن شەھەر فرانكفۇردتا چىقىرىلدى.

ئەينى چاغدا گېرمان ئىمپېراتورى سايلانغان شەھەر بۇ چاغدا گېرمان فېدراتسىيىسىنىڭ مەركىزى ئىدى. گېرمان ئىمپېراتورىنىڭ مەقسىدى گېرمان دۆلەتلىرى ئارىسىدا تىنچلىق ئورنىتىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ پەقەت يۈزەكى تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرەلىگەن ئىدى. فېدراتسىيەگە ئالاقىدار قارار چىقىرىش ئورگىنى بولغان فېدراتسىيە مەجلىسى مەركىزى چېركاۋدىن يىراق بولمىغان جايدىكى باج مەھكىمىسىدە بىسمارك قەستلەنگەندىن بىر ئايدىن كېيىن يىغىن ئاچتى. كۈنتەرتىپتىكى مەسىلە ئاۋسترىيەنىڭ پرۇسسىيەگە قارشى تۇرۇش تەلىپى ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، شلېسۋىگ ۋە خولستىننى تاجاۋۇز قىلىپ ئىگىلىۋېلىش قانۇنسىزلىق ھېسابلىناتتى. مەجلىستە پرۇسسىيەگە قارشى تەكلىپنى باشقا كىچىك يەرلىك دۆلەتلەر قوللىدى. پرۇسسىيە يالغۇز قالدى. يەرلىك دۆلەتلەر گېرمان فېدراتسىيىسىنىڭ پرۇسسىيە تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشىنى خالىمايتتى. ئاۋسترىيەنىڭ گېرمان فېدراتسىيىسى ئارمىيىسىنى پرۇسسىيەگە قارشى ھەرىكەتكە سېلىش تەلىپى ئالتىگە قارشى توققۇز ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى. پرۇسسىيە تەرەپنىڭ ۋەكىلى بۇنىڭ پرۇسسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل شەكىلدىكى ئاۋاز بېرىشنىڭ فېدراتسىيە كېلىشىمىنى بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى ۋە پرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ كۆرسەتمىسىنى بايان قىلىپ، پرۇسسىيە تەرەپنىڭ فېدراتسىيە مەجلىسىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى.

تارىخچى دېتىر لانگېۋىسچ مۇنداق دەيدۇ:
«ھەر قايسى يەرلىك دۆلەتلەر گېرمان فېدراتسىيىسىنىڭ كۈچىنى توسۇشنىڭ چوتىنى سوققانلىقتىن گېرمان فېدراتسىيىسى **1866**-يىلى ئاخىرلاشتى. يەرلىك دۆلەتلەر بىر-بىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشتى. بىراق، يەرلىك دۆلەتلەرنىڭ كۆپۈنچىسى ئاۋسترىيە تەرەپتە تۇردى. پرۇسسىيە گېرمان فېدراتسىيىسىنىڭ قائىدە-نىزاملىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ناچار تەرەپ دەپ قارالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پرۇسسىيەگە قارشى ئۇرۇش سېپىدىن يەر ئېلىشتى.»

ئۇرۇشنى فرانكفوردتىكى ئاۋاز بېرىشتىن بىر كۈن كېيىن، ئىيۇل ئېيىنىڭ بېشىدا كۆھىن ئېگرېتسكە يېقىن جايدا باشلاش قارار قىلىندى. بۇ جاي كۈنىمىزدىكى چېخ جۇمھۇرىيىتى تەۋەلىكىدە. بىسماركنىڭ بىردىن بىر ئۈمىدى پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى خېلمۇت ۋون مولتكىدا ئىدى. ئۇنىڭ پىلانى پرۇسسىيە ئارمىيىسىنى ئايرىم سەپلەر بويىچە ھەرىكەت قىلدۇرۇپ، بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىش ئىدى. ئۇ پرۇسسىيە ئارمىيىسىنى ئۈچ سەپكە ئايرىدى. بۇنداق بولغاندا ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا تېخىمۇ تېز ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيتتى. ئەمما، دۈشمەننى بىرلىشىپ تۇرۇپ يېڭەتتى. ئۈچىنچى سەپ باشقا ئىككى سەپكە قارىغاندا كېيىن ھەرىكەت قىلاتتى، پەقەت جەڭ پەيتىدىلا باشقا ئىككى سەپكە قوشۇلۇپ جەڭ قىلاتتى. مانا مۇشۇنداق قىلغاندا مولتكىنىڭ پىلانى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەتتى.

**1866**-يىلى، **3**-ئىيۇل پرۇسسىيەنىڭ ئۈچىنچى ئارمىيىسى بار كۈچى بىلەن دۈشمەنگە قارشى يېقىنلاپ كەلدى. ئۈچىنچى ئارمىيە جەڭ مەيدانىغا چۈش پەيتىگە ئۇلگۈرۈپ، دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى. بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىشتىن باشقا تاللىشى قالمىدى. بىرلەشمە ئارمىيە پرۇسسىيە ئارمىيىسىگە قارشى ھۇجۇمغا ئاتلاندى. ھۇجۇم ئاۋسترىيە ئارمىيىسىنىڭ زاپاس قىسمى تەرىپىدىن باشلاندى. بۇ جەڭدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىدى. بۇ چاغدا، پرۇسسىيە ئارمىيىسى ئەڭ كۈچلۈك كوزىرىنى ئىشقا سالدى. پرۇسسىيە

قوشۇنىنىڭ قولىدىكى ئارقىدىن ئوق سېلىنىدىغان يىڭنىلىك مىلتىقى مۇكەممەل رەۋىشتە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. پرۇسسىيە تەرەپ ئىشلەتكەن مىلتىقنىڭ ئوقى مىلتىق ئۇچى تەرەپتىن ئەمەس، مىلتىقنىڭ ئارقا تەرىپىدىن قاچىلىناتتى. بۇ خىل مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى باسقاندا، ئوق چىڭدىغۇچ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئوق يىڭنىسى ئوققا سانجىلىش ئارقىلىق پارتىلاش ھاسىل قىلىپ، ئوق مىلتىقتىن ئېتىلىپ چىقاتتى. بۇ پرۇسسىيە قوشۇنىنى ئوق دورىسىنى مىلتىقنىڭ ئاغزىدىن چىڭداپ بولۇپ، ئاندىن ئاتىدىغان مىلتىق بىلەن قوراللانغان ئاۋستىرىيە قوشۇنىغا قارشى تولىمۇ ئۈستۈن ئەۋزەللىككە ئىگە قىلغان ئىدى. پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ مىلتىقتا ئوق يېڭىلاش تېزلىكى ئاۋستىرىيە قوشۇنىغا قارىغاندا كۆپ تېز ئىدى. شۇنداقلا ئۇلار بۇنى يېتىپ تۇرۇپ ئىشقا ئاشۇرالايتتى. ئەسكەرلەر مىلتىقتىن ئوق ئۈزگەندە مۆكىنىۋېلىپ تۇرۇپ ئوق ئۈزەلەيتتى. (ئاۋستىرىيە ئارمىيىسى دەل ئەكسىچە، مىلتىقنىڭ ئاغزىدىن ئوق چىڭدايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، يېتىپ تۇرۇپ، مۆكۈنۈپ تۇرۇپ ئوق چىڭداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.)

ئاۋستىرىيە ئارمىيىسىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمى ئوق قاچىلاش سۈرئىتى تېز، يىڭنىلىك مىلتىق بىلەن قوراللانغان پرۇسسىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن تېزلا تارمار قىلىندى. بىر يېرىم سائەتلىك جەڭدە ئاۋستىرىيە تەرەپتىن مىڭلارچە ئەسكەر جەھەننەمگە يول ئالدى. مانا بۇ ھال ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلىدى. ئاۋستىرىيە ئارمىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى تامامەن تارمار قىلىنىپ كېتىشتىن ئاران-ئاران قۇتۇلۇپ قالدى. ئەينى كۈندە 15 مىڭ ئاۋستىرىيە ئەسكىرى ئۆلدى ياكى غايىپ بولدى. پرۇسسىيە تەرەپ بولسا ئاران ئىككى مىڭ ئەسكەرنى چىقىم تارتتى.

كۆنىگراتىزدىكى جەڭ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلىدى. ئاۋستىرىيە قوشۇنى مەغلۇپ بولدى. ئاۋستىرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا ئامالى قالمىغان ئىدى. ئۇلار نىكېلسبېرگ سارىيىغا جايلاشقان پرۇسسىيە ھۆكۈمەت بىناسىغا تىنچلىق ئىلتىجاسى ئەۋەتتى. ئاۋستىرىيە پرۇسسىيەگە ئۆز تېررىتورىيىسىدىن ھېچيەرنى بەرمەسلىك شەرتى بىلەن، پرۇسسىيەنىڭ باشقا تەلىپى بولسا ئورۇندايدىغانلىقىنى ئىلتىجا قىلدى. بىسمارك بۇ تەلەپكە قوشۇلۇشقا تەييار بولسىمۇ، بىراق پرۇسسىيە پادىشاھى ۋىلھېلىم I بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. بۇ جەھەتتە پادىشاھ بىلەن بىسمارك پىكىر بىردەكلىكى ھاسىل قىلالمىدى.

تارىخچى لوزار گال مۇنداق دەيدۇ:

«ۋىلھېلىم ئاددىي ھالدا <بىز ئۇرۇشتا يەڭسەك چوقۇم يېڭى زېمىنغا ئىگە بولىمىز> دەپ قارايتتى. يۈزدە يۈز غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇلايتتى. بىسمارك بولسا تېخىمۇ يىراقنى كۆزلەۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئالىيجانابلىق قىلىشنى، شۇنداق قىلغاندا كەلگۈسىدە ئاۋستىرىيە تەرەپنى ئۆز ئىتتىپاقدىشىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشنى كۆزلەيتتى.»

بىسمارك پادىشاھنىڭ قارشىلىقىغا غەزەپلەندى. بىسمارك پادىشاھقا ئەڭ ئاخىرقى بىر تاللاش قالدۇرغان بولۇپ، ناۋادا پادىشاھ ئاۋستىرىيە تەرەپنىڭ ئىلتىجاسىنى رەت قىلسا، بىسمارك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرمەكچى بولدى. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ئاۋستىرىيە تەرەپنىڭ تېررىتورىيەسىنى ساقلاپ قېلىشنى شەرت قىلغان تىنچلىق كېلىشىمىگە ماقۇللۇق بەردى. پرۇسسىيە ئۆز مەقسىتىگە يەتتى. گېرمانىيەنى ھۆكۈمرانلىقىغا ئېلىش يولىدىكى بۇ ئۇرۇش بىسماركنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇردى.

تارىخچى لوزار كرول مۇنداق دەيدۇ:
«شۇنى ئېنىقلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى، گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيە ھەر ئىككىسى ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇردى. شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىشەنگۈسىز بىر ئىش ئىدى. ئاۋستىرىيە ئەسىرلەرداۋامىدا گېرمانىيەنىڭ

بىر پارچىسى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، بىسماركنىڭ مۇشۇ دەۋرىدە پرۇسسىيە ئىمپېرىيىسىدە ئاۋستىرىيە مەۋجۇت بولمايدىغان بولدى. 1866-يىلىدىن كېيىن، ئاۋستىرىيە بىلەن پرۇسسىيە ھەر ئىككىسى ئۆز يولىغا ماڭدى.

ئاۋستىرىيە بىلەن گېرمانىيەنى ئاجرىتىۋەتكەن كىشى ئوتتو فون بىسماركتۇر. ئاۋستىرىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۇنى غالىبىيەتچىگە ئايلاندۇردى. پرۇسسىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ قېتىملىق غالىبىيەتنى بىر ئابىدە ئارقىلىق تەبرىكلەشكە ئەرزىيتتى. بۇ ئابىدە تاكى كۈنىمىزگىچە بىسماركنىڭ گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن پرۇسسىيە بۇ چاغدا گېرمانىيەگە ھۆكۈمدارلىق قىلىشقا باشلىدى. ئاۋستىرىيە قوغدىلىشقا ئېرىشكەندىن كېيىن، پرۇسسىيە خانىۋېر پادىشاھلىقى دېگەندەك ئۆزىگە رەقىب بولغان يەرلىك پادىشاھلىقلارنى ۋە باشقا يەرلىك پادىشاھلىقلارنى يۇتۇۋېلىپ، شىمالى گېرمانىيە فېدراتسىيىسىنى شەكىللەندۇردى. بىراق، بۇ فېدراتسىيە فرانسىيەنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن مەين دەرياسىغىچىلىكلا سوزۇلدى. جەنۇبىي گېرمانىيە بولسا ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى.

بىسماركنىڭ تەرجىمھالىنى يازغان تارىخچى لوزار گال مۇنداق دەيدۇ:

«فرانسىيە پەقەت سىياسىي سەۋەب تۈپەيلىدىنلا گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە قارشى ئىدى. فرانسىيە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ، نۆۋەتتە پرۇسسىيە تېز سۈرئەتتە باش كۆتۈرۈپ چىققان ئىدى. ناۋادا پرۇسسىيەنىڭ غەلىبىسى داۋاملىشىۋەرسە، بۇ ھال فرانسىيەگە نىسبەتەن تولىمۇ خەتەرلىك بولاتتى.»

پرۇسسىيەنى چەكلەپ تۇرۇشنى خالايدىغان كۈچ يالغۇز فرانسىيەلا ئەمەس، بەلكىم جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى، بولۇپمۇ بۇركتىكى باۋارىيە ۋە ۋېرت قاتارلىق كۈچلەرمۇ ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشنى ئارزۇلايتتى. ئۇلار ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ھۆكۈمدارلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا قەۋەتلا توغرا خاھىش ئىدى. ئاقىۋەتتە، سىرتقى كۈچلەر ۋەقەنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

1870-يىلى ئىسپانىيەلىكلەر ئىسپانىيە شاھزادىسىنىڭ چوڭ ئوغلى لىئوپولدقا ئىسپانىيە پادىشاھلىقى تاجىنى كەيدۈردى. شاھزادە دەسلەپتە بۇنىڭدىن ئىككىلەنگەن بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە پادىشاھلىقنى قوبۇل قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ پادىشاھلىقنى قوبۇل قىلىشى ئۆز ئارزۇسى بويىچە بولمىغان ئىدى. ئۇ بىسماركنىڭ مەجبۇرلىشى سەۋەبلىك پادىشاھلىقنى قوبۇل قىلغان ئىدى. بىسمارك فرانسىيە ئېمپېراتورى ناپالىئون III نىڭ لىئوپولدنىڭ ئىسپانىيە پادىشاھى بولۇشىغا قارشى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا پرۇسسىيەنىڭ كۈچىنىڭ ئېشىشىدىن قورقىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىسماركنىڭ نەزىرىدە، ئەگەر گېرمانىيەنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولسا فرانسىيە بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىش مۇقەررەر ئىدى. بىسمارك لىئوپولدنى قوللاش ئارقىلىق، قەستەن فرانسىيەنىڭ چىشىغا تەگدى.

تارىخچى مىخائىل ستۈرمېر مۇنداق دەيدۇ:

«1866-يىلىدىكى چارە مەڭگۈلۈك چارىمۇ ياكى گېرمانىيە ئېمپېرىيىسىنى قۇرۇپ چىقىشتا بۇ چارە ۋاقىتلىق رول ئوينامدۇ، دېگەن مەسىلىدە، بىسمارك ئۆزىنىڭ گېرمان ئېمپېرىيىسىنى شەكىللەندۇرۇش يولىدا فرانسىيە بىلەن مۇقەررەر ھالدا بىر مەيدان ئۇرۇشقا كىرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.» (يەنى 1866-يىلىدىكى كېلىشىش ۋاقىتلىق كېلىشىش بولۇپ، ئۇ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى ۋاقىتلىق چارە ئىدى.)

لىئوپولدنىڭ ئىسپانىيە پادىشاھلىقىنى قوبۇل قىلغانلىق خەۋىرى فرانسىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى دۇك دىنغەموننىڭ قۇلىقىغا يەتتى. خوخېنزولېر جەمەتىگە تەۋە بىرىنىڭ ئىسپانىيە پادىشاھى بولۇشى فرانسىيەنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىدى. شۇنداقلا، بۇ فرانسىيە پادىشاھى ناپالىئون III نىڭ نام-شەرىپىگە زىيان يەتكۈزەتتى. ناپالىئونمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بولغان ئىدى. دۇك دىنغەمون ناپالىئونغا ناۋادا پرۇسسىيە يەنە غەلىبە قىلسا، فرانسىيەلىكلەرنىڭ بىسماركنىڭ ئەمەس، ناپالىئوننىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دۇك دىنغەمون ناپالىئونغا پرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ لىئوپولدنىڭ پادىشاھلىقىغا تەيىنلىنىش سالاھىيىتى يوقلۇقىنى ئوچۇق ئاشكارا جاكارلىشى كېرەكلىكىنى ۋە بۇ جاكارلاشتىن مەڭگۈ يېنىۋالماسلىقى كېرەكلىكىنى، بۇنى پرۇسسىيە پادىشاھىدىن تەلەپ قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ناپالىئون بولسا پرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ بۇ تەلەپنى ئاسانلا قوبۇل قىلىشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دۇك دىنغەمون بولسا، ئۇنىڭ بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، قوبۇل قىلمىسا قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاش، تەھدىت سېلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

تەھدىت سېلىنماقچى بولغان كىشى – پادىشاھ ۋىلھېلم I دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتاتتى. ۋىلھېلم لىئوپولدنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىقماقچى بولغانلىقىدىن فرانسىيەنىڭ نارازى بولغانلىقىنى بىلىپ، فرانسىيەنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشنى قارار قىلدى. ۋىلھېلم I نىڭ رۇخستى بىلەن شاھزادە لىئوپولد پادىشاھلىق نامزاتلىقىدىن چېكىندى. شۇنداق قىلىپ فرانسىيە يەڭگەن، قارىماققا توقۇنۇشتىن ساقلىنىپ قالغان بولدى. بىراق، لىئوپولدنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇشتىن چېكىنىشى فرانسىيە پادىشاھى ناپالىئون III نىڭ ئارزۇسىدىن تولىمۇ يىراقتا بولۇپ، ئۇ پرۇسسىيەنىڭ خورلۇق چېكىشىنى كۆرۈشنى ئارزۇلايتتى. فرانسىيەنىڭ پرۇسسىيەگە ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا، پرۇسسىيە پادىشاھى ۋىلھېلمنىڭ خوخېنزوللېر جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئىسپانىيە پادىشاھلىق تاجىنى كىيىشى ئېككىنچىلەپ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىشى تەلەپ قىلىنغان ئىدى. پادىشاھ ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئۇنى فرانسىيە تەرەپكە بۇنىڭدىن كۆپىنى قىلمايدىغانلىقىنى ئاشكارە دېگۈزۈش كېرەك ئىدى. بىسمارك بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پادىشاھ ۋىلھېلمنىڭ فرانسىيە تەرەپكە يازغان خېتىنى«پرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ فرانسىيە باش ئەلچىسىگە دەيدىغان ھېچقانداق سۆزى يوق دەپ» ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە بۇنى گېزىتكە ئېلان قىلسا، فرانسىيەلىكلەرنىڭ بۇنىڭدىن تېزلا خەۋەر تاپىدىغانلىقىغا قانائەتلەندى. بىسمارك ئويلىغىنىنى روياپقا چىقاردى ۋە بۇ ئارقىلىق فرانسىيە تەرەپنىڭ ئىنكاسىغا قاراپ باقماقچى بولدى. پرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ جاۋابىنى تاپشۇرۇۋالغان، پرۇسسىيە پادىشاھىنى قەدىرسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقچى بولغان ناپالىئون ئۈچىنچى ئەمدى ئۆزىنىڭ پرۇسسىيە تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنغانلىقىنى كۆردى.

بىسماركنىڭ كۈتكىنىدەك، ناپالىئون III پرۇسسىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

تارىخچى لوزار گال مۇنداق دەيدۇ:

«ناپالىئون III فرانسىيەگە ھۆكۈمدارلىق قىلغان دەۋر سىياسي جەھەتتىن مۇقىمسىز دەۋر بولدى، چۈنكى، ناپالىئونIII بىرەر قېتىملىق مەغلۇبىيەتنىمۇ قوبۇل قىلالمايتتى. ناپالىئوننىڭ بۇ خىل جاۋابقا ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇ قانداق گەپ ئەمدى دەپ قاراپ تۇرمايدىغانلىقى بىسماركقا ئايدىڭ ئىدى. فرانسىيەدەك بىر چوڭ دۆلەت بۇنداق بىر جاۋابقا چوقۇم ئىنكاس قايتۇراتتى. فرانسىيە ئىنكاس قايتۇرغاندا بولسا فرانسىيە بىلەن پرۇسسىيە ئىككىلا تەرەپ ئۆز-ئارا ھۇجۇم قىلىش ھالىتىگە ئۆتكەن بولاتتى.»

ئىككىلا تەرەپ ئۇرۇشتىن كېيىنكى مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، بىسمارك ھەل

قىلغۇچ خاراكتېرلىك بىر ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى. ئۇرۇش ئېلان قىلغان تەرەپ فرانسىيە بولغانلىقى ئۈچۈن، فرانسىيە تاجاۋۇز قىلغۇچى دەپ قارىلاتتى. مىۋنخېندا ۋە پۇتكۇل جەنۇبىي گېرمانىيە، ھەتتا پرۇسسىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى دەپ ئاتالغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى شىمالىي ئىتتىپاق بىلەن بىرلىكتە فرانسىيەگە قارشى تۇرۇشنى تاللىدى. باۋارىيە پادىشاھى لۇدۋىگ ئىككىنچىمۇ فرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. باۋارىيە خەلقى پۈتكۈل گېرمانىيە خەلقىگە ئوخشاشلا ئاكتىپ ھالدا ئەسكىرىي شوئارلارنى توۋلاشتى. ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچىلار، دېھقانلار ھەتتا ياش ئۆسمۈرلەردىن تارتىپ جەڭگە قاتناشتى. جەڭگە قاتناشقانلارنىڭ ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىكى باۋارىيەدىن كەلگەن ئون بەش ياشلىق ئۆسمۈر ئىدى. فرانسىيەگە قارشى جەڭ قىلىش پۈتكۈل گېرمان خەلقىنى بىرلەشتۈرگەن ئىدى.

باش قوماندان مولتكى ئەسكەرلىرىنى تېز سۈرئەتتە يىغىپ، رەقىبلىرىنى يەنە بىر قېتىم ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى مېتز شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا قورشاۋغا چۈشۈپ قالدى. ناپالېئون ئۈچىنچى شالومدىن مىتز شەھىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ناپالېئون ئۈچىنچىنىڭ ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالى تولىمۇ ناچار ئىدى. قىيىنچىلىق ئىچىدىكى ھەربىي يۈرۈش، ناتوغرا يېتەكلەش ۋە يېتەرسىز ئوزۇق-تۆلۈك ئەسكەرلەرنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرغان ئىدى. 1870-يىلى، 1-سېنتەبىردە ناپالېئون ئەسكەرلىرىنىڭ ئارام ئېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. بۇ ئەجەللىك خاتالىق ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى ھالقا شەكىللىك سەپ تۈزگەن بولۇپ، مولتكىنىڭ دېيىشىچە، فرانسىيە ئارمىيىسى قىسماققا چۈشكەن بۆرىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. مولتكى بۇ قېتىم مىلتىققا ئەمەس، توپ ئوقىغا تاياندى. مولتكىنىڭ لاھىيىلىشى بويىچە قورال-ياراق مۇتەخەسسىسى كرۇپ ياساپ چىققان توپ ئوقى ئۇرۇشتىكى غەلىبىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولۇپ قالدى. فرانسىيەلىكلەر گېرمانلارنىڭ توپ ئوقى زەربىسىدە قېلىپ، ھېچقانداق قوغدىنىش تەدبىرى ئالالمىدى. توپ ئوقلىرى مىنۇتىغا ئۈچ قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەننى ئەينى كۈندە 800 قېتىمدىن كۆپ بومباردىمان قىلدى. بۇنداق كۈچلۈك زەربە فرانسىيە ئارمىيىسى تېرىپىرەن قىلىۋەتتى. فرانسىيە ئارمىيىسى پۈتۈن سەپ بويىچە مەغلۇپ بولدى. بۇ سېدان ئۇرۇشى بولۇپ، سېدان ئۇرۇشى كېيىنكى كۈنلەردە گېرمان مىللىتىنىڭ رىۋايىتى دەپ ئاتالدى. 9-ئاينىڭ 1-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ناپالېئون ئۈچىنچى تەسلىم بولدى. قەلئەسىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئاق بايراق چىقاردى.

تارىخچى فرانك لوزار مۇنداق دەيدۇ:

«سېدان ئۇرۇشى ئالدى بىلەن بىر ئەسكىرىي غەلىبە. ئۇ بىر قېتىملىق ھەيران قالارلىق غەلىبە. بۇ ئۇرۇش كىشىلەرگە پىرىنسىپ نۇقتىسىدىن فرانسىيە ئېمپېرىيىسىنى مەغلۇپ قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى. كەيپىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ گېرمان خەلقىگە نىسبەتەن تولىمۇ گۈزەل ئىلھاملاندۇرۇش بولدى. بۇ كۈنى گېرمان خەلقى گېرمانىيەنى نەچچە ئون يىللاردىن بېرى توسقۇنلۇق قىلىپ كەلگەن دۈشمەن كۈچنى يەڭگەن بولدى.»

نەچچە ئون مىڭ ئەسكەرنىڭ بېشى بولغان ناپالېئون ئۈچىنچى گېرمانىيەگە ئەسىرگە چۈشتى. ئۇ شۇنىڭدىن ئۈچ يىل كېيىن، ئەنگلىيەدىكى سەرگەردانلىق ھاياتى جەريانىدا ئۆلدى. فرانسىيە تەرەپنىڭ مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرى پارىژغا يەتكەندىن كېيىن، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. فرانسىيە ئېمپېرىيىسى ھالاك بولدى. بىراق، ئۇرۇش داۋاملاشماقتا ئىدى. پارىژ گېرمان ئارمىيىسى تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنىپ، گېرمان توپ ئوقلىرى شەھەرگە يامغۇردەك ياغدى. مانا بۇلار فرانسىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان غەزەپ-نەپرەتكە سەۋەب بولدى.

گېرمانىيەنىڭ زور غەلىبىسى سەۋەبلىك، كىشىلەر گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىنىڭ كېيىنكى قەدىمىگە

تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بىسمارك سېدان ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقنىڭ جانلىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي گېرمانىيەنى شىمالىي گېرمانىيە فېدراتسىيەسىگە قوشۇلۇشقا قىستىدى. بىراق، بۇنىڭغا نىسبەتەن قارشى پىكىرلەر مەۋجۇت ئىدى. بىسمارك قارشى پىكىرنى يوق قىلىش ئۈچۈن باۋارىيە پادىشاھى لۇدۋىگ ئىككىنچىگە بىر پارچە مەكتۇپ يوللىدى. پادىشاھ لۇدۋىگنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ گېرمانىيەنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىشىگە قارشى تۇرىدىغانلىقى بىسماركقا ئايان ئىدى. كۆپلىگەن كىشىلەر ۋە بىسماركنىڭ ھۆكۈمىتىمۇ يۇقىرىقىدەك قارشى پىكىردە ئىدى. بىسمارك پادىشاھ لۇدۋىگنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلگەچكە، مۇشۇ ئۇسۇلنى تاللىدى. باۋارىيە پادىشاھىدىن پرۇسسىيە تەرەپكە بىر پارچە مەكتۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ بارلىق گېرمان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ نامىنى قەيت قىلىپ تۇرۇپ، پرۇسسىيەنىڭ پادىشاھى ۋىلھېلم I نى گېرمان ئېمپېراتورى دېگەن نامنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرغان ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنى باۋارىيە پادىشاھىغا بىسمارك تەلىم بەرگەن ئىدى. باۋارىيە پادىشاھىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان بىسمارك غەلىبىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ۋىلھېلمنىڭ گېرمان ئېمپېراتورى بولۇشى بىرلىككە كەلگەن گېرمان ئېمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ سىمۋولى ئىدى.

ئەمما، پرۇسسىيە پادىشاھى – بىسماركنىڭ باشلىقى – لۇدۋىگنىڭ پىكىرىنى قوبۇل قىلغۇسى يوق ئىدى. ۋىلھېلم I ئاتا-بوۋىسىنىڭ پرۇسسىيە پادىشاھى دېگەن نامغا رازى بولغانلىقىنى ، ئەگەر قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلسە گېرمانىيە ئېمپېراتورى دېگەن نامنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بولمىسا ئۆز ئاتىقىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.بىسماركنىڭ قارىشىچە گېرمان كىنەزلىرى ۋىلھېلمنىڭ گېرمانىيە ئېمپېراتورى دېگەن ئاتاقنى قوللىنىشىغا ھەرگىز قوشۇلمايتتى، ئۇنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمران بولۇشىغا رازى بولمايتتى. ئەمما ۋىلھېلم گېرمان ئېمپېراتورى دېگەن نامنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ دەپ لۇدۋىگنىڭ مەكتۇبىنى بىسماركنىڭ كۆز ئالدىدا يىرتىپ تاشلىدى.

تارىخچى مىخائىل ستۇرمېر مۇنداق دەيدۇ:

« بىسمارك ھەرقاچان سىلىق ئاتالغۇلار بىلەن قاتتىق بولغان گېرمانىيە سىياسىتىنى ئىلگىرلىتىشنى ئويلايتتى. گېرمان ئېمپېراتورى دېگەن نام بىر سۆپەت ئىدى. ھالبۇكى گېرمانىيە ئېمپېراتورى دېگەن نام بولسا پۈتۈنلەي باشقا بولۇپ مەن گېرمانىيەنىڭ بىردىنبىر پادىشاھى، مەن ھەممىڭنىڭ خوجايىنى، ھەممىڭنى مەن باشقۇرىمەن دېگەن مەنا چىقاتتى. بۇ ئاتاقنى ۋىلھېلمنىڭ قوللىنىشىغا جەنۇبى گېرمانىيەدىكى كىنەزلەر ھەرگىز قوشۇلمايتتى.»

ھالبۇكى، فدراتسىيەگە قاراشلىق ھۆكۈمدارلار بىسماركنىڭ خىزمەت ئىشلىشى ۋە ئېزىپ-ئېچۇرۇپ چۈشەندۈرۈشى نەتىجىسىدە، ئورىدىدا ۋىلھېلمنىڭ ئالدىدا، ۋىلھېلمنىڭمۇ خەۋىرى يوق ئەھۋالدا، ئوپچە شەكىلدە ئۇنى گېرمان ئېمپېراتورى دەپ ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ۋىلھېلم I بىسمارك ۋە باشقا ھۆكۈمدارلارنىڭ تەلىپىگە بويسۇندى. ئۇنىڭغا گېرمان ئىمپېراتورى دەپ نام بېرىلدى. بۇ مۇراسىمدا ھەر بىر ھۆكۈمدار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن ۋىلھېلم بىسمارك بىلەن كۆرۈشمەي ئۆتۈپ كەتتى. بىراق، ئىككى ئاي كېيىن ئۇ بىسماركقا كىنەزلىك ئۇنۋانى بېرىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي فرانسىيە بىسماركقا تەسلىم بولدى. بىسمارك ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى – پرۇسسىيە گېرمانلارنىڭ مىللىي دۆلىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. گېرمانىيە ئاخىرى بىرلىككە كەلدى.

تارىخچى فرانك لوزار مۇنداق دەيدۇ:
«1871-يىلى بىسمارك دەۋرى ئومۇمەن دېگۈدەك بارلىق گېرمانلار تەرىپىدىن گېرمانىيە تارىخىنىڭ چوققا نۇقتىسى دەپ قارالدى. بۇ دەۋر كۆپچىلىك گېرمان خەلقىنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك گېرمان مىللىتىنىڭ بىرلىككە

كېلىشىنى ۋە ئىمپېرىيەنىڭ گۈللىشىنى روياپقا چىقاردى.» شۇنداق قىلىپ بۇ بىپايان زېمىن، جەنۇبىي گېرمانىيە، فرانسىيەگە تەۋە ئالزاس ۋە لورېن قاتارلىق جايلار ئەمدىلىكتە گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق بولدى. بىسماركنىڭ بۇ ئىمپېرىيىنىڭ تېررىتورىيىسىگە بولغان تەلىپى ئورۇندالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمدى يەنە باشقا تېررىتورىيە ئېھتىياجى يوق ئىدى. ئەمدىدىن باشلاپ ئۇ ئۆزى ئېرىشكەنلەرنى ساقلاپ قېلىشقا ۋە تىنچلىق ئورنىتىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك ئىدى.

1871-يىلى گېرمانىيە پارلامېنتى بارلىققا كەلدى. يىگىرمە بەش ياشتىن ئاشقان ھەر قانداق ئەر كىشى سايلام ھوقۇقىغا ئىگە قىلىندى. سىياسەت بۇ چاغلاردىمۇ تېخىچە ئەرلەرنىڭ ئىشى ئىدى. كېيىن گېرمانىيە پارلامېنتىنىڭ پارلامېنت بىناسى بارلىققا كەلدى. قارارلارنىڭ قانۇن ۋە مالىيە خامچوتى تەستىقىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشى كېرەكلىكى بەلگىلەندى. بىراق، ئىمپېرىيەنىڭ باش مىنىستىرى پارلامېنت تەرىپىدىن ئەمەس، پادىشاھ تەرىپىدىن قارار قىلىناتتى.

گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى دۆلەتنىڭ تېز سۈرئەتتە گۈللىنىشىنى تېزلەتتى. ئەينى چاغدىكى دۆلەت پايتەختى بېرلىننىڭ نوپۇسى 1912-يىلىغا كەلگەندە، قىرىق يىل ئاۋۋالقىدىن بىر ھەسسە ئېشىپ، ئىككى مىليون نوپۇسقا ئىگە بولدى. ئەينى چاغدا بېرلىن لوندون، نيۇيورك، پارىژ قاتارلىق شەھەرلەردىن قالسا، دۇنيادىكى تۆتىنچى چوڭ شەھەر بولۇپ قالدى. ئىمپېرىيە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى قىرىق يىلدا گېرمانىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئۈچ ھەسسە ئۆستى. سانائەت ئىنقىلابى گېرمانىيەدە تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى. 1890-يىلى گېرمانىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچى تۇنجى قېتىم يېزا-ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدىن ئېشىپ كەتتى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات سىياسىي ئۆزگۈرۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بېرلىندا ۋە باشقا شەھەرلەردە ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە يېڭى بىر سىنىپ ھېسابلانغان ئىشچىلار سىنىپى بارلىققا كەلدى. مانا بۇ سىنىپ ئارىسىدا يېڭى بىر سىياسىي كۈچ ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ. بۇ كۈچ سوتسىيال دېموكراتلار دەپ ئاتالدى ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاقسۆڭەكلەر ياكى ھۆكۈمدار يۇقىرى تەبىقە قەدىمكى زاماننىڭ ئاسارە-ئەتىقىلىرى ئىدى. ئۇلار كەلگۈسى ئىشچىلار سىنىپىغا تەۋە دەپ قارايتتى. بىسماركقا نىسبەتەن بۇ خىل چۈشەنچە خائىنلىق ۋە ئاغدۇرمىچىلىق چۈشەنچىسى ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى خەلقنى كۈشكۈرتكۈچىلەر بىرلىكى ھېسابلىناتتى. بۇ ۋەجىدىن بىسمارك ئاتالمىش ئىجتىمائىي قانۇنغا ئاساسەن بۇ پارتىيەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چەكلىمەكچى بولدى. بىسمارك سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى تەرەپتارلىرى جەمئىيەتتە ھەرىكەت قىلىش بىلەنلا قالماي، ھەتتا كاتولىك دىنى مۇرتلىرىنىمۇ بوش قويۇۋەتمىدى.

ئۇنىڭ سىياسىتىنى بىر سەۋزىنى يوغىنىتىپ كالتەككە ئايلاندۇرۇش سىياسىتى دېيىشكە بولاتتى. بىسمارك يەنە، ساغلاملىق سوغۇرتىسى، كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر سوغۇرتىسى ۋە پېنسىيە سوغۇرتىسى سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى ئەسلى مۇددىئاسى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ قوللىغۇچىلىرىنى چەكلەپ، ئۇلارنىڭ غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرماسلىق ئىدى. بىسمارك گەرچە بۇ پارتىيەنى چەكلىسىمۇ، بىراق سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى يەنىلا سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. 1881-يىلى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى پارلامېنتتىكى سايلامدا ئالتە پىرسەنتلىك ئاۋازغا، 1890-يىلى يىگىرمە پىرسەنت ئاۋازغا ئېرىشتى. يېڭى پارلامېنتتىكى كۆپۈنچە كىشىلەر بىسماركقا قارشى ئىدى. بىسماركنىڭ بارلىق ھوقۇقى پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ ھايات-تىرىكلىكىگە باغلىنىپ قالغان ئىدى. بىسمارك 26 يىلدىن بېرى پادىشاھ ۋىلھېلم تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن، پرۇسسىيەنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك باش ۋەزىرى، 17 يىلدىن بېرى ئۇ يەنىلا ئىمپېرىيەنىڭ باش مىنىستىرى ئىدى. بىسماركنىڭ ھوقۇقى پادىشاھ ۋىلھېلمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىگە باغلىق ئىدى. ئاساسى قانۇنغا بىنائەن، پەقەت پادىشاھلا ئۇنى ھوقۇقتىن ئېلىۋېتەلەيتتى. توقسان ياشلىق پادىشاھ ۋىلھېلم I ۋاپات بولۇش ئالدىدا، يىگىرمە توققۇز شاھزادە

ۋىلھېلم II نى ئۆز ئورۇنباسارى قىلىپ تەيىنلىدى.پادىشاھ ۋىلھېلم ئىككىنچى بىسماركنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى چەكلىۋېلىشنى خالىمايتتى. بىسمارك ئالتە ئاي ئىچىدە ۋىلھېلم ئىككىنچىنى ھوقۇقتىن ئېلىپ تاشلاپ، دۆلەتنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. يېڭى پادىشاھ ئىمپېرىيەنىڭ پارلامېنت بىناسىدا پەيدا بولغاندا، رەسسامىلار ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىسماركنى مەركىزى شەخس سۈپىتىدە سىزدى. بىراق، بىسمارك يالغۇز بىرلا كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار تەرىپىدىن يېتىم قالدۇرۇلدى. پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىق كىشى بىسماركقا قارشى ئىدى. ۋىلھېلم ئىككىنچى دۆلەتنى ئۆزى باشقۇرسا ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. 1890-يىلى، 3-ئايدا ۋىلھېلم ئىككىنچى بىسماركنىڭ باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى بىكار قىلدى. گەرچە ۋىلھېلم ئىككىنچى بىسماركقا نۇرغۇن شان-شەرەپلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، بىسمارك بۇ يېڭى پادىشاھنىڭ ئۆزىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشىنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيتتى.

بىسمارك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ھامبۇرگ شەھىرىگە يېقىن جايدىكى فرىدرىخ مەكتىپىگە قايتتى. ئۇ بۇ يەردە سەككىز يىلدەك ياشىدى. ئۇنىڭ بىرلىندىن ئايرىلىشى بىر دەۋرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ ۋەزىپىدىن چۈشۈشى گېرمانىيە ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقا دۆلەتلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا بىر دەۋرنىڭ ئاياقلىششى ئىدى. بىسمارك بىر كونسرۋاتىپ شەخس بولۇپ، گېرمانىيەنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى باشلاپ بەرگەن ئىدى. ئۇ تاشقى جەھەتتىن بىرلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغان بولسىمۇ ئىچكى بىرلىكنى ئاجىزلاشتۇرىۋەتكەن ئىدى. بىسماركنىڭ قولىدا بىرلىككە كەلگەن ئىمپېرىيە ۋىلھېلم ئىككىنچىنىڭ قولىدا ۋەيران بولدى.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

https://www.youtube.com/watch?v=OqcGs_rnqlI




# كۆچنىڭ بەش خىل شەكلى

### ئىش ئورنىدا كۈچنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش

ئۆزىنىڭ مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش قابىلىيىتىگە تايىنىپ ئىشلارنى يۈرۈشتۈرىدىغان بىر لىدېرنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ئاندىن، ئۆز ساھەسىدە مۇتەخەسسىسلەشكەنلىكى بىلەن تونۇلغان، ياكى دۇرۇستلۇقىدىن سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىزگە سازاۋەر بولغان (باشقا) بىر لىدېرنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرۈڭ.

بۇ ئىككى لىدېرغا ئىشلەش كىشىدە قانداق تەسىر قالدۇرىدۇ؟ سىز ئۈچۈن بۇ ئىككىسىدىن قايسىسى ياخشى؟ لىدېرنىڭ سىزگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە سىزنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىڭىز قاتارلىقلاردىن ھەر ئىككىسى لىدېرنىڭ كۈچ مەنبەسىگە باغلىق. ئۇنىڭ كۈچى ئۇنىڭ ھوقۇقىتا تۇتقان ئورنى ياكى ئۇنۋانىغا باغلىق ئەمەس.

ئىجتىمائىيەت پسخلوگى جون فرەنچ (John French) ۋە بېرترەم راۋېن (Bertram Raven) بۇ ھادىسىنى يېرىم ئەسىر ئىلگىرى تەتقىق قىلغان. بۇ تەتقىقات ۋاقتىنىڭ ئىلگىرىلىگەنگە باقماي، بۇ ئىككەيلەننىڭ تەجرىبىسى نېمىشقا بەزى لىدېرلارنىڭ باشقىلاردىن يەنە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، بىز ئۇلارنىڭ كۈچىنى قوبۇل قىلىشقا قانچىلىك دەرىجىدە تەييار ئىكەنلىكىمىزنى، شۇنداقلا – ناۋادا سىز بىر لىدېر بولغان تەقدىردە – ئۆز خىزمەتچىلىرىڭىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن يېڭى كۈچ مەنبەلىرىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرالايدىغانلىقىڭىزنى چۈشىنىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

### كۈچنى چۈشىنىش

فرەنچ بىلەن راۋېن 1959-يىلى كۈچنىڭ بەش ئاساسىنى مۇنداق بايان قىلغان:

قانۇنىي كۈچ: بۇ كىشىنىڭ تەلەپ قىلىش ھوقۇقى، شۇنداقلا باشقىلاردىن ئۆزىگە بويسۇنىشنى كۈتۈش ھوقۇقى بولىدۇ دېگەن چۈشەنچىدىن كەلگەن.

مۇكاپاتلاش كۈچى: بۇ كىشىنىڭ باشقا بىرىنىڭ ماسلىشىشى ئۈچۈن تۆلەم تۆلەش ئىقتىدارىدىن كەلگەن.

مۇتەخەسسىسلىك كۈچى: بۇ كىشىنىڭ يۇقىرى ماھارىتى ۋە بىلىمگە ئاساسلىنىدۇ.

پايدىلىنىش كۈچى: بۇ كىشىنىڭ جەلب قىلىش كۈچى، قەدىر قىممىتى ۋە باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىشىنىڭ نەتىجىسى.

مەجبۇرلاش كۈچى: بىراۋ باشقىلارنى بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن جازالىيالايدۇ دېگەن چۈشەنچىدىن كەلگەن.

ئالتە يىلدىن كېيىن، راۋېن يۇقىرىقىلارغا يەنە بىر كۈچ ئاساسىنى قوشقان.

ئۇچۇر كۈچى: بۇ بىراۋنىڭ باشقىلارنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئېھتىياجى چۈشىنىدىغان ئۇچۇرلارنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنىڭ نەتىجىسى.

كۈچنىڭ يۇقىرىقىدەك ئوخشىمىغان تۈرلىرىنى چۈشىنىش ئارقىلىق، تولۇق ئۈنۈمىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ كۈچ تۈرلىرىنى ئىشقا سېلىشنى، شۇنداقلا باشقۇرغۇچىلار ھە دېسىلا يۆلىنىۋالىدىغان پاسسىپ كۈچ ئاساسىدىن ساقلىنىشنى ئۆگىنىۋالالايسىز.

**كۈچنىڭ ئاساسلىرى**

فرەنچ بىلەن راۋېننىڭ كۈچ ئاساسلىرىنى «مەرتىۋە بويىچە ۋە شەخسىيەت بويىچە» ئىككى تۈرگە ئايرىپ كۆرۈپ چىقايلى.

*** مەرتىۋىگە ئاساسلانغان كۈچ مەنبەلىرى**

**قانۇنىي كۈچ**

بىر پرېزدېنت، باش مىنىستىر ياكى بىر پادىشاھ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك باش لېدىر، دىنىي مىنىستىر ياكى ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى باشلىقى قاتارلىقلارمۇ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. سايلام ھوقۇقى، ئىجتىمائىي تەبىقە، مەدەنىيەت مىزانى، تەشكىلىي قۇرۇلما قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قانۇنىي كۈچنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىراق، بۇ خىل كۈچ تۇراقسىز بولۇشى ۋە ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولماسلىقى مۇمكىن. ناۋادا سىز ھوقۇق-مەرتىۋىڭىزدىن ئايرىلسىڭىز، سىزنىڭ قانۇنىي كۈچىڭىز شۇ ھامان يوق بولىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر سىزگە قارىغاندا سىز ئىگە بولغان مەرتىۋىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

شۇنىڭدەك، سىزنىڭ ھوقۇق دائىرىڭىز باشقىلارنىڭ سىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىڭىز بار دەپ قارىغان ئەھۋاللار بىلەن چەكلىنىدۇ. مەسىلەن، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى كىشىلەرگە ئوت كەتكەن بىنادىن يىراق تۇرۇشنى ئېيتسا، كىشىلەر ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا قۇلاق سېلىشى مۇمكىن. بىراق، ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىر-بىرىگە تېخىمۇ ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشسا، ئۇ ئىككەيلەن ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ.

**مۇكاپاتلاش كۈچى**

ھوقۇق بېشىدىكى كىشىلەر دائىملا باشقىلارنى مۇكاپاتلاشقا قادىردۇر. دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، كۆڭۈلگە ياقىدىغان خىزمەتنى بېرىش، تەربىيىلىنىشى پۇرستى يارىتىپ بېرىش، شۇنداقلا ئاددىي رەۋىشتە ماختاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھوقۇق ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ كونتروللۇقىدىكى مۇكاپاتلاردۇر. ناۋادا باشقىلار سىز ئۈمىد قىلغان ئىشنى قىلىش بىلەن سىزنىڭ ئۇلارنى مۇكاپاتلايدىغانلىقىڭىزدىن ئۈمىد كۈتسە، ئۇلارنىڭ سىز ئۈمىد قىلغان شۇ ئىشنى قىلىش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ.

بۇ كۈچ ئاساسىنىڭ كەمچىلىكى شۇكى، مۇكاپاتلاش كۈچى تۈنجى قېتىم كۆرۈلگىنىدەك كۈچلۈك بولماي قېلىشى مۇمكىن. نازارەتچى مائاش ئۆستۈرۈشنى كەمدىن-كەم ئىشقا ئاشۇرالىشى مۇمكىن، باشقۇرغۇچىلار دائىملا ئۆز ھوقۇقىنىڭ ئۆسۈشىنى كونترول قىلالمايدۇ؛ ھەتتا، باش دېرىكتورلار بەزى ئىشلاردا ئۆز خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىگە موھتاج بولىدۇ. شۇنىڭدەك، سىز مۇكاپاتلاش كۈچىڭىزنى ئىشقا سالغىنىڭىزدا، ياكى مۇكاپاتىڭىز كۈتۈلگەن دەرىجىگە يېتەلمىگەندە، سىزنىڭ كۈچىڭىز ئاجىزلىشىدۇ.

**مەجبۇرلاش كۈچى**

بۇ خىل كۈچمۇ باش قېتىنچىلىقى بولغان،سۈيئىستېمال قىلىنىشى مۇمكىن بولغان كۈچتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەجبۇرلاش كۈچى مەجبۇرلانغۇچىلارنىڭ نارازىلىقىنى ياكى غەزىپىنى قوزغىشى مۇمكىن.

تەھدىت سېلىش ياكى جازالاش دائىم كۆرىلىدىغان مەجبۇرلاش ۋاستىلىرى ھېسابلىنىدۇ. سىز باشقىلارنىڭ ئىشتىن بوشىتىلىدىغانلىقىنى، دەرىجىسىنىڭ چۈشۈرۈۋېتىلىدىغانلىقىنى ياكى ئىمتىيازىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان چاغدا مەجبۇرلاش كۈچىڭىزنى ئىشقا سېلىۋاتقان بولىسىز. گەرچە سىزنىڭ ئورنىڭىز مۇشۇنداق قىلىشىڭىزغا رۇخسەت قىلىدىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ھەرگىزمۇ سىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىش ئارزۇيىڭىز ياكى سەۋەبىڭىز بارلىقىڭىزنى بىلدۈرمەيدۇ. سىز بەزىدە ئەڭ بولمىغاندا كىشىلەرنى جازالاشقا موھتاج بولىسىز. بىراق، مەجبۇرلاش كۈچىڭىزنى بەك كۆپ ئىشلىتىۋەتسىڭىز، كىشىلەر يېنىڭىزدىن كېتىپ قالىدۇ. (ھەتتا سىز ئۇلارنى بوزەك قىلغۇچى سۈپىتىدە ئەرز قىلىنىش خەترىگە دۇچ كېلىشىڭىز مۇمكىن.)

### ئۇچۇر كۈچى

كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولغان ئۇچۇرلارنى كونترول قىلىشىڭىز سىزنى كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ. مەخپىي مالىيە دوكلاتىغا ئىگە بولۇش، كىمنىڭ ئىشتىن قوغلىنىدىغانلىقىنى بىلىش، خىزمەتچىلىرىڭىزنىڭ يىللىق دەم ئېلىش كۈنىنى نەدە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇر كۈچىنىڭ مىساللىرىدىندۇر.

بۈگۈنكى ئىقتىسادىي دەۋردە، ئۇچۇر ئالاھىدە ئۇنۇمدار كۈچ ھېسابلىنىدۇ. كۈچ بىۋاستە ھالدا ئۇچۇردىن كەلمەيدۇ. بىراق، كۈچ ئۇچۇرغا ئىگە بولۇشتىن، ئۇنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش ئورنىغا ئىگە بولۇشتىن، ئۇنى يوشۇرۇشتىن، ئۇنى باشقۇرۇشتىن، ئۇنى ئۆزگەرتىش ياكى مەخپىي تۇتۇشتىن كېلىدۇ. كۈچىنىڭ بۇ خىل شەكلىدە سىز ئۇچۇر ئارقىلىق باشقىلارغا ياردەم قىلىسىز، ياكى سىز قولىڭىزدىكى ئۇچۇرنى باشقىلارغا قارشى قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىسىز.

### * شەخسىيەتكە ئاساسلانغان كۈچ مەنبەلىرى

كۈچىنىڭ بۇ خىل مەرتىۋىگە ئاساسلانغان شەكلىگىلا تايىنىش سوغۇق، تېخنىكىلىق، يالاڭتۆش لېدىرلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سىز ھەقىقىي لېدىر بولۇش ئۈچۈن نام-ئاتاقتىن، مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش ئىقتىدارى ۋە ياكى ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئىقتىدارىدىن بەكراق، ئەمەلىي كۈچ مەنبەسىگە موھتاج بولىسىز.

مۇتەخەسسىسلىك كۈچى

سىز ئۆزىڭىزنى مەلۇم بىر ئەھۋالنى چۈشىنىشىڭىزگە، ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىزغا، ياكى توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىڭىزغا ياردەم قىلىدىغان بىلىم ياكى ھۈنەرگە ئىگە بولسىڭىز باشقىلارنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرالايسىز، كىشىلەر سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلايدۇ، سىزگە ئىشىنىدۇ ۋە ئېيتقانلىرىڭىزغا ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ. مەلۇم بىر جەھەتتە مۇتەخەسسىس بولسىڭىز، سىزنىڭ پىكىرلىرىڭىزنى قىممىتى بولىدۇ، شۇنداقلا باشقىلار ئاشۇ ساھەنىڭ لېدىرلىقى ئۈچۈن سىزنى ئىزدەيدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت، ئۆز ئىشەنچىڭىزنى، ھەل قىلغۇچ رول ئوينىاش ئارتۇقچىلىقىڭىزنى ۋە شۆھرىتىڭىزنى باشقا

تېما ۋە مەسىلىلەرگىمۇ كېڭەيتەلەيسىز. مانا بۇ مۇتەخەسسىسلىك كۈچىڭىزنى بەرپا قىلىش ۋە ساقلاپ قېلىشتىكى، شۇنداقلا لېدىرلىق ئىتقىدارىڭىزنى ئاشۇرۇشىڭىزدىكى ياخشى چارە ھېسابلىنىدۇ.

سىز مۇتەخەسسىسلىك كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى كۈچەيتىپ، مۇتەخەسسىسلىك كۈچىنى لېدىرلىقتىكى تەسىرى كۈچلۈك ئاساس سۈپىتىدە قوللانسىڭىز بولىدۇ.

**پايدىلىنىش كۈچى**

پايدىلىنىش كۈچى بىراۋنىڭ باشقا بىراۋنى ياخشى كۆرۈشى، ھۆرمەتلىشى ۋە ئۇنى تونۇشىدىن كېلىدۇ. مەشھۇر شەخسلەر پايدىلىنىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ نېمە سېتىۋېلىشىدىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ كىمگە سايلام بېلىتى تاشلىشىغا قەدەر تەسىر كۆرسىتەلىشىدىكى سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. پايدىلىنىش كۈچىگە ئىگە بولغان كىشى خىزمەت ئورۇنلىرىدا دائىملا ھەر بىر كىشىگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ ناھايىتى زور تەسىر كۈچ يارىتىشقا مايىل كېلىدۇ.

پايدىلىنىش كۈچى بەلكىم بىر چوڭ مەجبۇرىيەت بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، سىز ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھېچقانداق بەدەل تۆلەپ يۈرمەيسىز. شۇڭلاشقا، پايدىلىنىش كۈچى ناھايىتى ئاسانلا سۇيىئىستېمال قىلىنىشى مۇمكىن. كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرىشىگە ئېرىشكەن، ئەمما سەمىمىيىتى ۋە دۇرۇستلۇقى يېتەرسىز كىشىلەر بەلكىم كۈچىنى ئاشۇرۇپ، بۇ خىل كۈچىدىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشى، كىشىلەرنى يەكلىشى، شۇنداقلا شەخسىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن.

نوقۇل ھالدا پايدىلىنىش كۈچىگە تايىنىش ئۇزاق دەۋر سۈرۈشنى ۋە ھۆرمەتكە ئېرىششنى ئارزۇلايدىغان لېدىرلارغا نىسبەتەن ياخشى تاكتىكا ھېسابلانمايدۇ. ھالبۇكى، پايدىلىنىش كۈچى مۇتەخەسسىسلىك كۈچى بىلەن بىرلەشكەن چاغدا، مانا بۇ سىزنىڭ كۆپ ئۇتۇقلارنى قازىنىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

**مۇھىم نۇقتا:**
**فرەنچ بىلەن راۋېن 1959-يىلى كۈچنىڭ مۇنۇ بەش ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويغان:**
**قانۇنىي كۈچ**
**مۇكاپاتلاش كۈچى**
**مۇتەخەسسىسلىك كۈچى**
**پايدىلىنىش كۈچى**
**مەجبۇرلاش كۈچى**

**ئالتە يىلدىن كېيىن، يۇقىرىقىلارغا يەنە بىر كۈچ ئاساسىنى قوشقان.**
**ئۇچۇر كۈچى**

ھەر قانداق شەخس كۈچكە ئىگە بولۇپ، باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سىزنىڭ مۇھىم خىزمەت ئۇنۋانىڭىز ياكى چوڭ ئىشخانىغا ھاجىتىڭىز يوق. بىراق، سىز كۈچنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللىرىنى تونۇسىڭىز، ئۇ ھالدا يۇقىرىقى كۈچ شەكىللىرىنىڭ ئەڭ پاسسىپ تۈرىنى ئىشقا سالغۇچىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىپ قالالايسىز، شۇنداقلا ئۆزىڭىزنى مۇتەخەسسىسلىك كۈچى ۋە پايدىلىنىش كۈچى جەھەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرەلەيسىز. بۇ سىزنىڭ تەسىر

**بۇ كۆچ شەكىللىرىنى ئۆز ھاياتىڭىزغا تەدبىقلاڭ**

**1. ھەر بىر كۆچ ئاساسى توغرىسىدا ئىنچىكىلىك بىلەن ئىزدىنىڭ، ھەمدە مۇشۇ تۆردىكى كۆچ ئاساسلىرىنى قاچان، قانداق ئىشلەتكىنىڭىزنى يېزىپ چىقىڭ.**

**2. مۇشۇ خىل كۆچ ئاساسلىرىنى توغرا رەۋىشتە ئىشلىتەلىدىڭىزمۇ يوق؟ بۇ ھەقتە ئۆزىڭىزگە سوئال قويۇڭ. كۈتۈلگەن ۋە كۈتۈلمىگەن نەتىجىلەرنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. شۇنداقلا، كېيىنكى قېتىم قانداق يېڭىچە شەكىلدە ئىش قىلىدىغانلىقىڭىزنى قارار قىلىڭ.**

**3. سىزگە كۆچ ئىشلىتەلەيدىغان ۋە تەسىر كۆرسىتىدىغان كىشىلەرنى ئويلاڭ. ئۇلار قايسى خىل كۆچلەرنى ئىشلىتىدۇ؟ ئۇلار قولىدىكى كۆچنى توغرا شەكىلدە ئىشلىتەمدۇ؟ زورۇر تېپىلغاندا، براۋنىڭ سىزگە ئۆيغۇنسىز شەكىلدە كۆچ ئىشلىتىشىنى ئازايتىدىغان ئىستراتېگىيە تۈزۈپ قويۇڭ.**

**4. ئۆزىڭىزنى كۆچسىز ھېس قىلغىنىڭىزدا ياكى باشقىلارنىڭ تەسىرىگە بەك ئۇچراپ كەتكەنلىكىڭىزنى سەزگىنىڭىزدە، قانداق قىلىپ ئۆز كۆچىڭىزگە ۋە ئۆزىڭىزنى كونترول قىلىشقا قايتالايدىغانلىقىڭىز توغرىسىدا ئويلىنىڭ. قانداقلا بولمىسۇن، سىز ھەرگىزمۇ كۆچسىز ئەمەس. ئۆزىڭىز ئىگە بولغان كۆچتىن تېخىمۇ ياخشى خەۋەردار بولۇشنى، شۇنداقلا ئۇنى ئىنسانىيلىقتا ئۆيغۇن شەكىلدە ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئۆزىڭىز ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئېرىششنى نىشانلاڭ.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

**https://www.mindtools.com/pages/article/newLDR_56.htm**



# خىتاي ۋە ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى



كان خاللنان

**(كان خاللنان فوكس ژۇرنىلى تاشقى سىياسەت سەھىپىسىنىڭ يازغۇچىسىدۇر. بۇ ماقالە 2020-يىلى، 4-ئاۋغۇست كۈنى ئېلان قىلىنغان)**

دۇنيادا نوپۇسى ئەڭ كۆپ ئىككى دۆلەت چېگرادا توقۇنۇشىۋاتىدۇ. ئەمما، بۇ توقۇنۇشنىڭ ماھىيىتى ئېنېرگىيە ۋە سۇغا مۇناسىۋەتلىك. — كان خاللنان

**خىتاي ئارمىيىسى بىلەن ھىندىستان ئارمىيىسى ھىمالايا رايونىدىكى توقۇنۇشتىن چېكىنگەن ئىدى. بىراق، مۇشۇ يىلى ئىيۇن ئېيىدىكى توقۇنۇشتىن باشلانغان جىددىيچىلىك تېخىچە بېسىقمايۋاتماقتا. بۇ توقۇنۇشنىڭ تۈنجى قېتىملىقى 1975-يىلى خىتاي ھىندىستان چېگرىسىدا باشلانغان ئىدى. ھەقىقەتتە، يەرلىك ئىختىلاپتىن كېلىپ چىققان خەتەرلىك مالىمانچىلىق، رايون خاراكتېرلىك ئۆچمەنلىك (regional antagonism) ۋە مۇستەملىكە تارىخى قاتارلىقلار بىرلىشىپ، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ تىنىچلىقىغا ئېغىر خەتەر ئېلىپ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.**

**بۇ يەردىكى چېگرا مەسىلىسىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بىرىتانىيە مۇستەملىكىسىدىن مىراس قالغان. تالاش-تارتىش ئاستىدىكى «چېگرا» ئېنىق چېگراغا ئۆيغۇن بولمىغان، نۆۋەتتە تالاش تارتىش بولىۋاتقان رايونغا (ئەنگىلىيە مۇستەملىكىسى دەۋرىدە) مۇنداقلا سىزىپ قويۇلغان چېگرا سىزىقىدىن ئىبارەت. بۇ چېگرا سىزىقى ئارخىتېكتور ھېنرى مىكماھون (Henry McMahon) تەرىپىدىن 19-ئەسىردە بېرىتانىيە بىلەن رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى كونترول قىلىش تىركىشىشىدىكى «چوڭ ئويۇن» مەزگىلىدە بېرىتانىيەنىڭ چوڭراق رايوننى كونترول قىلىشىنى كۆزلەپ سىزىلغان. بۇنىڭ يەرلىك مەسىلىلەر بىلەن ئالاقىسى يوق.**

**بۇ چېگرا سىزىقىغا ئالاقىدار كېلىشىم 1914-يىلى بىرىتانىيە بىلەن تىبەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن. گەرچە، ھىندىستان 550 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى مىكماھۇن سىزىقىنى (McMahon Line) ھىندىستان بىلەن خىتاينىڭ چېگرىسى دەپ قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، خىتاي بۇنى ھېچبىر زامان قوبۇل قىلىپ باققىنى يوق.**

**بېرىتانىيەنىڭ ھىندىستاندىكى باش مۇستەملىكە ئەمەلدارى مورتىمېر دۇراند (Mortimer Durand) (1893-يىلى پاكىستان بىلەن ئافغانىستان ئارىسىغا مىكماھۇن سىزىقىغا ئوخشاش بىر چېگرا سىزىقى سىزغان بولۇپ، بۇ چېگرا سىزىقىنى كابۇل ھۆكۈمىتى ئەسلا قوبۇل قىلمىغان. مۇشۇ چىگرا سىزىقى تېخىچە پاكىستان بىلەن ئافغانىستان ئارىسىدىكى سۈركىلىشنىڭ مۇھىم سەۋەبكارى بولۇپ كەلمەكتە. مۇستەملىكىچىلىكنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باسقان بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇنىڭ تەسىرى تېخىچە تېخىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.**

**گەرچە مىكماھۇن سىزىقى رۇسىيەنى مەقسەت قىلىپ سىزىلغان بولسىمۇ، بېيجىڭ بۇ توغرىسىدىكى قارشىلىقلىرىنىڭ ھېسابقا ئېلىنماي كەلگەنلىكىدىنلا ئەمەس، خىتاي تەرەپنىڭ مىكماھۇن سىزىقى مەسىلىسىنى غەربتىكى «ئۆلكە»لىرى ئۇچۇن يوشۇرۇن بىخەتەرلىك خەۋپى دەپ قاراپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ سىزىق خىتايغا نىسبەتەن دائىملىق باش ئاغرىقى بولۇپ كەلمەكتە.**

**بېرىتانىيە ئىككى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى ۋە شاڭخەي بىلەن خوڭكوڭنى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئېلىۋېلىش بىلەن ئاللىقاچان خىتاينى ئاھانەتكە قويغان ئىدى. ئەگەر ئۇ خىتاي ئۆز ئېمپېرىيىسىگە تەۋە زېمىن دەپ قارايدىغان تىبەتنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالالىسا، ھىندىستاننىمۇ شۇنداق قىلالىغان بولاتتى.**

دەرۋەقە، ھىندىستان باش مىنىستىرى نارىندارا مودى (Narendra Modi) 2019-يىلى ھىندىستان ئاساسى قانۇنىنىڭ 370-ماددىسىنى ئۆز ئالدىغا ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كەشمىر بىلەن جاممۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغاندا، خىتاي بۇنى تىبەتنىڭ ۋە غەربتىكى تىنجىماس «ئۆلكىسى» شىنجاڭنىڭ (شەرقىي تۈركىستاننىڭ) بىخەتەرلىكىگە تەھدىت دەپ قارىدى. نۆۋەتتە توقۇنۇش بولۇۋاتقان رايون گالۋان جىلغىسى (Galwan valley) بولۇپ، بۇ جاي شىنجاڭ ئارقىلىق تىبەتكە تۇتىشىدىغان يولغا يېقىن.

خىتاي 1962-يىلى ھىندىستان بىلەن بولغان چېگرا ئۇرۇشىدا ھىندىستاننىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ئاقساي چىندا (Aksai Chin) تىبەت-شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنى كونترول قىلىپلا قالماي، يەنە خىتاي نۆۋەتتە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان نېفىت تۇرۇبىسى جايلاشقان رايوننىمۇ كونترول قىلىدۇ. خىتايلار پاكىستاننىڭ گۋادار پورتىدىن قەشقەرگىچە سوزۇلغان بۇ نېفىت تۇرۇبىسىنى (نېفىت يۆتكەش ئىشلىرىدا) ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى كونتروللۇقىدىكى ھىندى ئوكيانغا مۇراجىئەت قىلىشتىن ساقلىنىپ قېلىشتىكى يان يول دەپ قارايدۇ.

خىتاي تەرەپ 62 مىليارد مەبلەغ سالغان بۇ قۇرۇلۇش خىتاي پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورىنىڭ (China Pakistan Economic Corridor) بىر بۆلىكى بولۇپ، گۋادار پورتىدىن قەشقەرگىچە سوزۇلغان نېفىت تۇرۇبىسى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى خىتاينىڭ ئاساسى قۇرۇلۇشلارنى ياساش، ھەمدە جەنۇبىي ئاسىيا، مەركىزى ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق، ياۋروپا قاتارلىق رايونلار بىلەن بولغان سودىسىنى جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان غايەت زور «بىر بەلباغ بىر يول» قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

خىتاي ئۆزىگە كېرەكلىك نېفىتنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنى دېڭىز ئارقىلىق توشۇيدۇ. خىتاي ئۆزىنىڭ رايوندىكى رەقىبى ھىندىستان ۋە ياپونىيەنىڭ ئامېرىكا بىلەن بىرلەشمە دېڭىز ئارمىيىسى ئىتتىپاقى قۇرۇۋاتقانلىقى سەۋەبلىك بارغانچە ئەندىشىلەنمەكتە. يىللىق مالابار مانېۋىرىدا ئۈچ دۆلەت بىرلىشىپ مالاككا بوغىزىنى توسۇۋالدى. خىتاينىڭ چەتئەلدىن توشۇيدىغان بارلىق نېفىتى مۇشۇ بوغۇزدىن ئۆتەتتى. خىتاي-پاكىستان نېفىت تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشىغا كېتىدىغان چىقىم نېفىت توشۇغۇچى پاراخوتلىرىغا كېتىدىغان چىقىمدىن كۆپ يۇقىرى. بىر مۆلچەرگە كۆرە بەش ھەسسە يۇقىرى. بىراق، خىتاي-پاكىستان نېفىت تۇرۇبىسى سەۋەبلىك ئامېرىكانىڭ ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈشىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

2019-يىلى ھىندىستان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئامىت شاھ (Amit Shah) ئاقساي چىننى خىتاينىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىشنى قەسەم قىلغان. بۇنداق بولغاندا، خىتاي-پاكىستان نېفىت تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشى ھىندىستاننىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ.

خىتاي ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاقساي چىندىن ئىبارەت قورام تاش، مۇز ۋە ئىنتايىن ئاز ئوكىسگىن مەۋجۇت بولغان بۇ رايون خىتاينىڭ ئېنېرگىيە تەمىناتىغا ئېرىشىشىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ.

ئاقساي چىن رايونى يەنە دۇنيانىڭ «ئۈچىنچى قۇتۇپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ جايدىكى بېپايان قارلىق ۋە مۇز تاغ ھىندىستان بىلەن خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون بىر دۆلەتنىڭ سۈيىنى تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھىندىستان بىلەن خىتاينىڭ نوپۇسى دۇنيا ئومۇمى نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى (33 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى) ئىگىلىسىمۇ، بىراق بۇ ئىككى دۆلەت يەر شارىدىكى تاتلىق سۇنىڭ ئاران ئون پىرسەنتىگە ئىگە. 2030-يىلغا بارغاندا، ھىندىستان نوپۇسىنىڭ يېرىمى، يەنى 700 مىليون كىشى تاتلىق سۇ قىسىنچىلىقى كىرزىسىغا دۇچ كېلىدۇ.

ئاقساي چىن رايونى ئون چوڭ دەريانىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ، بۇ دەريالارنىڭ زور كۆپچىلىكى ھىمالايا تېغى بىلەن ھىندۇقۇش تېخىنى چۆرىدەپ تورغان **14** مىڭ مۇز تاغ تەرىپىدىن تەمىنلىنىدۇ. **2100**-يىلىغا بارغاندا، كېلىمات ئۆزگۈرۈشىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلىرى ھېسابلانغان بۇ مۇز تاغلارنىڭ ئۈچتە ئىككىسى قۇرۇپ كېتىدۇ. خىتاي نۆۋەتتە مۇشۇ مۇزلۇقلار جايلاشقان ئاق سايچىنىڭ ئومۇمىي قىسمىنى كونترول قىلىپ تۇرماقتا.

ئاقساي چىن رايونى تاشلىق ۋە سوغۇق رايون بولسىمۇ، بىراق ئۇ رايوندىكى ئون بىر دۆلەتنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدۇ.

خىتاي بىلەن ھىندىستان ئارىسىدىكى نۆۋەتتىكى تىركىشىش تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. **2017**-يىلى ھىندىستان ۋە خىتاي ئەسكەرلىرى تىبەت تەۋەلىكىدىكى دوكلام رايونىدا تۇقۇنۇشتى. بۇ رايون تىبەت، بۇتان، سىككىم قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ چېگرالىرى ئۇچراشقان جاي ھېسابلىنىدۇ. مانا مۇشۇ جايدا ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى مۇشت-پەشۋالىرىنى ئىشقا سالدى ۋە ئۆز-ئارا ئىتتىرىپ-تۈيتۈشتى. ئەسكەرلەر يارىلىنىپ، يۈز-كۆزلىرى قانغا بويالدى. مۇشۇ قېتىملىق 73 كۈنلۈك توقۇنۇش خىتاينى راۋۇرۇس چۆچۈتتى. ۋاشىڭتون ستىمسون تەتقىقات مەركىزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى يۈن سۈن مۇنداق دەيدۇ:«خىتايغا نىسبەتەن، دوكلام توقۇنۇشى ھىندىستان تەھدىتىنىڭ ماھىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك نېگىزلىك سوئاللارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.»

گەرچە ۋاشىڭتون بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيچىلىك **1998**-، **1999**-يىللىرىدىكى تەيۋەن كىرزىسىنى مەنبە قىلسىمۇ، بىراق، ترامپ ھۆكۈمىتى جەنۇبقا يۈزلەنگەن مەزگىلدە دوكلام ۋەقەسى يۈز بەردى. ئەينى چاغدا پرېزىدېنت كلىنتون تەيۋەن رايونغا ئىككى ئاۋىئاماتكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇرۇش ئەترىتىنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئاۋىئاماتكىلارنىڭ بىرى خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن تەيۋە ئارىلىنىڭ ئارىسىنى كېسىپ ئۆتكەن ئىدى. بۇ ھادىسە خىتايغا ھاقارەت كەلتۈردى. خىتاي شۇنىڭدىن كېيىن ئارمىيىسىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، دېڭىز ئارمىيىسىنى كۈچەيتىپ قۇرۇپ چىقتى.

**2003**-يىلى پرېزىدېنت جورج. ۋ. بۇش **(George W. Bush)** ھىندىستاننى ياپونىيە، جەنۇبى كورىيە ۋە ئاۋستىرالىيەدىن تەشكىل تاپقان، خىتايغا چەكلەش ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇشقا كۈشكۈرتتى. بۇ پىلان مەلۇم جەھەتتىن ئۇتۇقلۇق بولغان بولسىمۇ، بىراق خىتاينى سەزگۈرلەشتۈردى. بېيجىڭ ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ «ئاسىيانى مەركەز قىلىش» ئىستراتېگىيىسىگە شاھىت بولدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە ترامپ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان سۈركۈلۈشى ئوبامانىڭ ئاسىيا ئىستراتېگىيىسى بىلەن قىسمەن مۇناسىۋەتكە ئىگە.

يۇقىرىقىلارغا ئامېرىكانىڭ جەنۇبىي كورىيەگە باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى تۇرۇش سېستىمىسى ئورنىتىشى، ئاۋستىرالىيەگە ئون بەش مىڭ دېڭىز ئارمىيىسى ئەسكىرى ئورۇنلاشتۇرۇشى، گۇئام ۋە ۋېيكقا بازا قۇرۇشى قاتارلىقلارنى قوشقىنىمىزدا، خىتاينىڭ نېمىشقا «ۋاشىڭتون بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىز ئۈچۈن قىلدى» دەپ خۇلاسىلىشىنى ئاسانلا چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

خىتاي ئامېرىكانىڭ يۇقىرىقىدەك ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇپ، تالاش-تارتىش ئىچىدىكى ئاراللارنى ۋە خادا تاشلارنى ئىگىلەپ، مۇداپىئە تەييارلىقلىرىنى كۈچەيتتى؛ شۇنداقلا، جەنۇبى خىتاي دېڭىزىنى تولۇقى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى دېڭىزى دەپ جاكارلىدى. خىتاي يەنە ۋېيتنامنىڭ بېلىقچىلىق كېمىسىگە ھۇجۇم قىلىپ چۆكتۈرۈۋەتتى، مالايسىيانىڭ دېڭىزدا نېفت قېزىش قۇرۇلۇشىغا قارشى زومىگەرلىك قىلدى،

شۇنداقلا قەرەللىك ھالدا تەيۋەننىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا قانۇنسىز ھالدا تۇمشۇقىنى تىقتى.

ختاي يەنە ھىندىستاننىڭ تەسىرى كۈچلۈك ھېسابلانغان قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى. سرىلانكا، باڭگلادىش، نېپال، مالدىۋى قاتارلىق دۆلەتلەر مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھال ھىندىستاننىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. سۆزىمىزنى يىغىنچاقلىساق، ھەربىي ھەيۋە ۋە قورال-ياراقتا بەسلىشىش قاتارلىق ئىشلار بۇ رايوندىكى مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ رايوندا تولىمۇ زىل دىپلوماتىك مەسىلە مەۋجۇت.

گالۋان جىلغىسىدىكى جاڭجال ختاينىڭ ئاسىيادا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ كۈچىيىشى (نىڭ رېئال ئىپادىسى)دىن ئىبارەت. بىراق، مودى ھۆكۈمىتىمۇ كەشمىر ۋە جاممۇ قاتارلىق رايونلارنى قانۇنسىز رەۋىشتە ئىگىلىۋېلىش دېگەندەك قىلمىشلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ چېشىغا تېگىشتە ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. گالۋان ۋەقەسىدە، ھىندىستان ختاي چېگرىسىغا يېقىن يەردە ئايرپورت ۋە كۆۋرۈك ياساۋاتقان بولۇپ، بۇ ھال ھىندىستاننىڭ ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ ۋە زامانىۋىي ھاۋا ئەسلىھەلىرىنىڭ ختاي كۈچلىرىگە قورقۇنچ سېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ھىندىستان ئارمىيىسىدە **1962**-يىلى ختاي بىلەن بولغان چېگرا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى يۇيۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر ئېقىم مەۋجۇت. ئۇلار بۈگۈنكى ھىندىستان ئارمىيىسىنى **58** يىل بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ كۈچلۈك ۋە قورال-ياراقلىرىمۇ ئۇ چاغدىكىدىن كۆپ ئىلغار، شۇنداقلا تەجرىبە جەھەتتىن ختاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ئۈستۈن دەپ قارايدۇ. ختاي ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ يېقىن ئۆتمۈشتىكى جەڭ قىلىشى **1979**-يىلىدا ۋېيتنامغا تاجاۋۇز قىلىشى بولۇپ، ئۇ بۇ جەڭدە ئوڭۇشسىزلىققا دۇچار بولغان.

بىراق، ھىندىستان ئارمىيىسىدىكى بۇ ئېقىمنىڭ يۇقىرىقى ئويى تولىمۇ خەتەرلىك. ھىندىستان تەرەپ «تەجرىبە» دەپ قارىغان ئىش ئاساسلىقى كەشمىر خەلقى ئۈستىدىن دۆلەت تېررورى يۈرگۈزۈش ۋە يېنىك قوراللار بىلەن قوراللانغان يەرلىك قوزغىلاڭچى كۈچلەر بىلەن ئاندا-ساندا ئېتىشىپ قويۇشتىن ئىبارەت. **1962**-يىلى ختاي بىلەن ھىندىستاننىڭ ئىقتىسادى تەڭداش ھالەتتە ئىدى. كۈنىمىزدە بولسا، ختاينىڭ ئىقتىسادى ھىندىستان ئىقتىسادىدىن بەش ھەسسە كۈچلۈك، ھەربىي خامچوتى بولسا ھىندىستاننىڭكىدىن تۆت ھەسسە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

ختاي ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىش مۇمكىنچىلىكىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلماقتا. بۇ ئۇرۇش سەپلىرىدىن بىرى جەنۇبتا ھىندىستان بىلەن، يەنە بىرى شەرقتە ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ غەربلىك ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن قىلىنىدىغان ئۇرۇشتۇر. گالۋان رايونى ھەرگىزمۇ راھەتلىك ئېلىپ كېلىدىغان ئورۇن ئەمەس، ھالبۇكى پۈتكۈل رايونغا خەتەر ئېلىپ كېلىدىغان رايون. يادرو قورالىغا ئىگە بىر دۆلەتنى تار يەردە قىستايمەن دېيىش ھەرگىزمۇ ئاقىلانە پىكىر ھېسابلانمايدۇ.

ختاي نۆۋەتتىكى جىددىيچىلىككە ئالاقىدار بەزى تەنقىدلەرنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. بېيجىڭ رايوندىكى كىچىك دۆلەتلەرگە لوكچەكلىك قىلدى. فىلىپپىن خادا تاشلىرى ئاراللىرىنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش قىلمىشىدا دۇنيا سوتىنىڭ ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى. ختاينىڭ خوڭكوڭ بىلەن تەيۋەن مەسىلىسىدە تۆمۈر مۇشت كۆتۈرۈشى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىدە بولۇشى ختاينى رايوندا ۋە خەلقئارادا دوستلىرىدىن مەھرۇم قويدى.

ئامېرىكا، ھىندىستان ۋە ختاينىڭ ئۇرۇش قىلىشنى خالايدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل-پاكىت

يوق. بۇ خىلدىكى بىر مەيدان ئۇرۇشنىڭ يەر شارى ئىقتىسادىغا كەلتۈرىدىغان تەسىرىنى خىتاي ۋىرۇسى بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇرۇشنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى خىتاي ۋىرۇسىنىڭ تەسىرىگە سېلىشتۇرغاندا زۇكام بولۇپ قالغانچىلىكلا ئاجىز. بىراق، ئۇچىلى دۆلەت يادرو قورالىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، كېچىكىپ بولسىمۇ، خالىغان پەيتتە ئىشلارنىڭ كونترولدىن چىقىپ كېتىش ئېھتىماللىقى مەۋجۇت.

ھەقىقەتتە، ناۋادا دۇنيا كېلىمات ئۆزگۈرۈشى، يادرو ئۇرۇشى ۋە يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ مەۋجۇت خەۋپىگە تاقابىل تۇرماقچى بولسا، ئۇچىلى دۆلەت بىر-بىرىگە موھتاج. بۇ توقۇنۇش دەۋرى ئەمەس، دىپلوماتىيە ۋە ھەمكارلىق دەۋرىدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلغان.

مەنبە:
https://fpif.org/india-and-china-behind-the-conflict/




# مۇلەن ئەپسانىسىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە

سۈيىن خاينىس

يېقىندا ئوتتۇرىغا چىققان «مۇلەن» فىلىمىنىڭ تونۇشتۇرۇش ئېلانىدا ۋايىغا يەتكەن ھەرىكەتچانلىق ۋە پىشقان كىنوچىلىق ئالاھىدىلىكى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، فىلىمدە مۇلەن ئىسىملىك ئايال قەھرىماننىڭ «ھەممىگە شەرەپ كەلتۈرۈش» ئۈچۈن قەسەم ئىچىپ، ئەرلەردىن تەشكىل تاپقان ئارمىيەگە باش بولۇپ قەبىھ دۈشمىنىگە قارشى تۇرغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ چامباشچىلىق فىلىمى بىر مۇشكۈلاتقا دۇچ كەلگەن بولۇپ، مارت ئېيىدا ئېكران يۈزىگە چىقىشى پىلانلانغان بۇ فىلىم خىتاي يۇقۇملۇق ۋىرۇسى سەۋەبلىك كېچىكتۈرۈلگەن. نۆۋەتتە بۇ فىلىم دىسنىنىڭ ھەرىكەتچان مۇلازىمىتى ھېسابلانغان «**Disney+**» تا **29.99** دوللار باھادا **4**-سېنتەبىر كۈنى قويۇلىدىكەن. فىلىمنىڭ زاكاس ھەققى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا **6.99** دوللار بولىدىكەن.

فىلىم ئەڭ دەسلەپ مارت ئېيىدا لوس ئانژېلېستا قويۇلغان بولۇپ، فىلىم توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىنكاسلار تولىمۇ ياخشى بولغان. ئوبزورچىلار بۇ فىلىمگە بۇگۈنگىچە بولغان دىسنىي شىركىتى فىلىملىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى چامباشچىلىق فىلىمى دەپ باھا بەرگەن. ھولليۋود بارغانچە ئاسىيالىق ۋە ئاسىيا ئەسلىلىك ئامېرىكالىقلارنىڭ ھېكايىلىرىگە ئائىت فىلىملەرگە قايتىۋاتقان بۇ دەۋردە، «مۇلەن» پۈتۈنلەي ئاسىيالىقلار رول ئالغان تۇنجى دىسنىي فىلىمى ھېسابلىنىدۇ. خىتاي ئەسلىلىك ۋە خوڭكوڭ ئەسلىلىك ئارتىسلاردىن ليۇ يى فېي، لى لىيەنجيې، تەي ما قاتارلىقلار فىلىمدە ئاساسلىق روللارغا چىققان. رېژىسسور نىكى كارونىڭ ئەنئەنىۋى مۇلەن قىسسىسى ئاساسىدا ئىشلىگەن فىلىمى فىمىنىزمنى قايتا بايان قىلىش نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، رېئال ئىنسانلار رول ئالغان بۇ فىلىم رومانتىك ۋەقەلىكلەردىن خالىي. فىلىمدە مۇلەننىڭ ئىنتايىن تەڭداشسىز ئايال جەڭچى ئىكەنلىكى نامايەن قىلىنغان. كارو خامچوت چىقىمى يۈز مىليون دوللاردىن ئۈستۈن بولغان چامباشچىلىق فىلىمگە رېژىسسورلۇق قىلغان بىردىنبىر ئايال رېژىسسور بولۇپ، مۇلەن فىلىمىنىڭ چىقىمى ئىككى يۈز مىليون دوللاردىن يۇقىرى.

بىراق، فىلىمنىڭ تونۇشتۇرۇش ئېلانى **2019**-يىلى ئاۋغۇستتا ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، بۇ فىلىم ھەققىدىمۇ تالاش-تارتىشلار يۈز بەردى. ئالدىنقى يىلى خوڭكوڭدا دېموكراتىك قارشىلىق ھەرىكىتى ئەڭ ئەۋجىگە چىققان چاغدا، مۇلەن فىلىمىدىكى باش قەھرىمان ليۇ يى فېي ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا خوڭكوڭ ساقچىلىرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. بۇ سەۋەبلىك مۇلەن فىلىمىنى بايقۇت قىلىش سادالىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. فىلىمنىڭ ياۋروپادىكى تۇنجى قېتىم مارت ئېيىدا لوندون شەھەر مەركىزىدە قويۇلۇشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى، فىلىمنىڭ قويۇلۇشى كېچىكتۈرۈلۈپ، ماسكا تاقىۋالغان نامايىشچىلار فىلىم قويۇلىدىغان جايغا يىغىلدى. ئۇلار مۇلەن فىلىمىنى بايقۇت قىلىش توغرىسىدىكى پلاكاتلارنى كۆتۈرۈشكەن ئىدى. نامايىشچىلار يەنە فىلىمنىڭ تەشۋىقات رەسىمىنى خوڭكوڭ ساقچىلىرىنى ماختاش ئېلانى دەپ مەسخىرە قىلدى. **9**-ئايدا قويۇلىدىغان بۇ فىلىمدە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇناسىۋەتلىك شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە رەھمەت بىلدۈرگەنلىكىگە تاماشىبىنلارنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولۇپ قالمىغان بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك بەس-مۇنازىرىلەر، ھەمدە فىلىمنى بايقۇت قىلىش توغرىسىدىكى چاقىرىقلار ئوتتۇرىغا چىقتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا قارشى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى پاكىتلىق شەكىلدە ئىسپاتلىنىپ بولغانلىقتىن، فىلىم ھەققىدە مۇشۇ خىل غەۋغالار كۆتۈرۈلدى.

مۇلەن فىلىمىنى قوللاش ياكى بايقۇت قىلىش توغرىسىدىكى جەڭگى-جېدەللەر ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن بىرگە، باشقا كۆزەتچىلەر مۇلەن فىلىمىنىڭ تونۇشتۇرۇش ئېلانىدىكى تارىخىي چىنلىقتا ئۇيغۇن بولمىغان خاتالىقلارنى كۆرسىتىشكە ئالدىراشتى. كۆزەتچىلەر فىلىمدىكى ئارتىسلارنىڭ كىيىملىرى ۋە قۇرۇلۇشلارنىڭ فىلىمدە تەسۋىرلەنگەن دەۋر ۋە جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەسلى تارىختا ئۇيغۇن ئەمەسلىكى بايان قىلىشتى.

فىلىمنىڭ تارىخىي چىنلىقتا ئۆيغۇنلۇقى، فىلىمنىڭ ئەسلى رىۋايەتتىكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇش كېرەكلىكى ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. مۇلەن فىلىمى مىڭ يىلدىن ئارتۇق زامانلاردىن بېرى ئىزچىل ئۆزگەرتىلىپ كەلگەن ئەپسانىگە ئاساسلانغان بولۇپ، بۇ ھال فىلىمنىڭ چىنلىقى توغرۇلۇق باشلىنىتىشلا گۇمان قوزغايدۇ. تۆۋەندە، بىز فىلىمنىڭ خىلمۇ خىل مەنبەلىرى توغرۇلۇق، فىلىم ئاساسلانغان ئەپسانىنىڭ زامانىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىمىز.

## رىۋايەتنىڭ مەنبەسى

مۇلەن ھەققىدىكى ئەسلى رىۋايەت دېىسنىي شىرتىكى **1998**-يىلى ئىشلىگەن كارتون نۇسخىسى بىلەنمۇ، شۇنداقلا يېڭى ئوتتۇرىغا چىققان چامباشچىلىق فىلىمى بىلەنمۇ روشەن پەرقكە ئىگە. فىلىمنىڭ **1998**-يىلى ئوتتۇرىغا چىققان، كۈنىمىزگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان نۇسخىسىدىكى ھېكايە دەسلىپىدە **12**-ئەسىردە يېزىلغان «مۇلەن قوشىقى» ناملىق رىۋايەتكە ئاساسلىنىپ ئىشلەنگەن. «مۇلەن قوشىقى» تۆتىنچى ياكى بەشىنچى ئەسىردىكى رىۋايەتكە ئاساسلانغان دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، قوشاقتا ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى تۆتىنچى ئەسىردىن ئالتىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دەۋر سۈرگەن شىمالى ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىبارەت.

مۇستەقىل تەتقىقاتچى، «كۆپ مەدەنىيەتلىك خىتاي ۋە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى چېن سەنپىڭ مۇندەق دەيدۇ:«مۇلەن رىۋايىتى سۆپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان، مۇلەن قوشىقىدا بايان قىلىنمىغان ھەر قانداق ۋەقە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئاپتورلار تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، مۇلەن قوشىقىدا بولمىغان، ئەمما مۇلەن رىۋايىتىدىن ئورۇن ئالغان ھەر قانداق ۋەقەنى تارىخىي نۇقتىدىن ئىسپاتلىغى بولمايدۇ. بۇ ئەسلى نۇسخا كۆپلىگەن كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان، ئاددىيلاشتۇرۇلغان ۋەقەلىككە ئاساسلانغان. بۇ ئەپسانىدە، مۇلەنىنىڭ دادىسى «ئۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇلەن ئۆزى خالاپ دادىسىنىڭ ئورنىنى بېسىش يولىدا ماڭىدۇ. مۇلەن قوشىقىدا مۇلەنىنىڭ دادىسى ياشانغان كىشى ياكى كېسەلمەن سۈپىتىدە تەسۋىرلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما قوشاقتا ئائىلىدە دادىسىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان، قورامىغا يەتكەن ئەركەكنىڭ يوقلۇقى بايان قىلىنغان. مۇلەن **12** يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە يۇرتىغا قايتىدۇ. يۇرتقا قايتقاندىن كېيىن سەپداشلىرى مۇلەنىنىڭ قىز بالا ئىكەنلىكىدىن ھاڭ-تاڭ قېلىشىدۇ.

## پېرسوناژلارنىڭ ئېتىنىڭ مەنبەسى

شىمالى ۋېي سۇلالىسى توبا (تابغاچ ددپ ئاتىلىدىغان تۈرك قەبىلىسى) دەپ ئاتىلىدىغان چارۋىچى قەبىلىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، توبا قەبىلىسى سىيانپى قەۋمىگە تەئەللۇق قەبىلىدۇر. ئۇلار خىتاينىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىتاي تىلىدا سۆزلىشىشتىن كۆرە، تۈركچە ياكى قەدىمقى مۇڭغۇلچە سۆزلەشىدىغان قەۋم بولۇشى رېئاللىقتا بەكراق ئۇيغۇن. «توبا قەبىلىسىنىڭ خىتاينىڭ جەنۇبىنى ئىستېلا قىلىشى نورمان قەۋمىنىڭ ئىنگلاندىنى ئىستېلا قىلىشىغا ئوخشاشلا مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە» دەيدۇ چېن. چېننىڭ دېيىشىچە، مۇلەن قوشىقىدا ئىمپېراتور مۇھىم شەخس بولسىمۇ، بىراق ئۇ خىتايچە ئىسمىدا ئاتالغان ئەمەس. خىتايچە «خۇاڭدى» دەپ ئاتالغاندىن بەكراق، تەرجىمىگە ئاساسلانغاندا «خۇاڭدى» چىڭگىزخان ۋە باشقا مۇڭغۇل كاتتىۋاشلىرىغا ئىشلىتىلگەندەك «خان»، «خاقان» دېگەن مەنىنىنى كۆرسىتىدۇ. چېننىڭ دېيىشىچە، قوشاقنىڭ ماۋزۇسىنىڭ ئايال پېرسوناژنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىشى بۇ چارۋىچى قەۋم ئىچىدە ئاياللارنىڭ ھۆرمەتكە ساۋازەر ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

گەرچە شىمالىي ۋېي دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل مۇھىت مۇلەن ئەپسانىسىنىڭ بارلىققا كېلىش ئارقا

كۆرۈنۈشىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، بىراق مۇلەنىڭ راستىنلا مەۋجۇت بولغان شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ھېچ قانداق دەلىل-پاكىت مەۋجۇت ئەمەس. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ ئەپسانە ۋە ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلانىڭ چارۋىچى قەبىلىدىن كېلىپ چىقىشى ئەسلىدىكىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن. كېيىنكى دەۋردە تولۇقلاپ يېزىلغان ماتېرىياللاردا مۇلەن خىتاي قىلىپ تەسۋىرلەندى. ئەپسانىنىڭ بۇ شەكىلدە خىتايلاشتۇرۇلۇشى ياكى خىتاي كۇلتۇرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى 7-ئەسىردىن 10-ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلانغان. گەرچە مۇلەن دېگەن بۇ ئىسىم «ماگنولىيە» دېگەن ئەسلى ئىسمىنىڭ خىتايچىلاشتۇرۇلغان شەكلى بولسىمۇ، بىراق، چېنىنىڭ تەتقىقاتلىرىغا كۆرە، ئىسمىنىڭ ئەسلى تۇبا قەبىلىسىگە تۇتىشىدىغان بولۇپ، چېن بۇ ئىسمىنىڭ سېپى ئۆزىدىن ئەرەنچە ئىسىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. «ئەگەر مۇلەن ئەركىشى بولمىسا، 12 يىللىق ئەسكىري ھاياتىدا ئۆز جىنسىنى قانداقمۇ يوشۇرالايدۇ؟» دەيدۇ چېن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، «ياخشى مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن خىتايلارغا نىسبەتەن، <مۇلەن> سۆزىنىڭ مەنىسى تامامەن باشقىچە. بەلكىم، بەزىلەر مۇلەن دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ ھەقىقىي مەنىسى تۇبا قەۋمىنىڭ ئۇنتۇپ كېتىلگەن مىراسى دېيىشى مۇمكىن.»

## مۇلەن ئەپسانىسى قانداق ئۆزگەردى ۋە زامانلارنىڭ ئۆتۈشىگە قانداق بەرداشلىق بەردى

ئەسىرلەر مابەينىدە، كىشىلەرنىڭ مۇلەنىڭ ئېتىنىك تەۋەلىكى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مۇلەن ئەپسانىسىنىڭ ۋەقەلىكىمۇ ماس ھالدا ئۆزگەردى. مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا، مۇلەن ئەپسانىسى ھېلى ئۇخىل، ھېلى بۇ خىل شەكىلدە ئۆزگىرىپ، ئاددىي، چۈشىنىشلىك بۇ خەلق قوشىقى خىتاي خەلقى ئارىسىدا مەشھۇر بولدى. مۇلەن قوشىقىنىڭ بىزگە بىلىنگەن تۇنجى قېتىم ئۆزگەرتىلىشى 16-ئەسىردىكى سىنارىست شۇ ۋېينىڭ قەلىمى ئارقىلىق رويابقا چىققان. ئايال قەھرىمان مۇلەنىڭ دادىسىنىڭ قەسىرىگە بېرىپ جەڭگە قاتنىشىشى مۇلەن قوشىقىنى بىر نەچچە نۇقتىدىن دراممىلاشتۇرۇۋەتكەن. ئۆزگەرتىلگەن درامىدا ئايالارنىڭ پۇتىنى بوغۇش تەكىتلەنگەن بولۇپ، بۇ نۇقتا ئەسلىدىكى مۇلەن قوشىقىدا بايان قىلىنغان ئەمەس. چۈنكى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ خىل ئەنئەنە كەڭ تارقالمىغان. مىرىن ماۋر ئىنىستىتۇتىنىڭ شەرقىي ئاسىيا تىللىرى ۋە كۇلتۇرى دوتسېنتى كۋانىڭ دېيىشىچە «16-ئەسىردە ئايالارنىڭ پۇتىنى بوغۇش ئەر بىلەن ئايالنى بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىللاردىن بىرى ئىدى. مۇلەن ئەپسانىسىنىڭ 16-ئەسىردىكى ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسىدا مۇشۇ جەھەتكە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئەسلىدىكى مۇلەن قوشىقىدا مەۋجۇت ئەمەس. مۇلەن قوشىقى بۇ شەكىلدە ئاپتور ياشىغان دەۋرگە ماسلاشتۇرۇلغان.» باش پېرسوناژ مۇلەن كېيىن 17-ئەسىردە يېزىلغان، سۇي سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپلى دەۋرلىرىنى باش تېما قىلىنغان مەشھۇر رومانىدا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، مۇلەن ھەققىدىكى بايانلار ئەسەردە مۇلەن قوشىقىغا ئاساسلىنىپ تۈزۈپ يېزىلغان. بۇ ئەسەردە، مۇلەن يات ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ياشاشنى راۋا كۆرمەي، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئارقىلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

باش پېرسوناژ مۇلەنىڭ ئېتنىك تەسۋىرىنىڭ مۇھىملىقى ئوخشاشلا جوڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى مۇلەنگە ئائىت دراملاردىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىپادىلەندى. خىتايدا جانلانغان كىنوچىلىق ۋە توختىماستىن يۈكسىلىۋاتقان مىللەتچىلىكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، مۇلەن ئەپسانىسى ھەققىدە ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن بىر نەچچە فىلىم 1920-، 1930-يىللاردا ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ فىلىملەر ئىچىدە ئەڭ ئۇتۇقلۇق ئىشلەنگىنى خىتاي ياپونىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئۇچرىغان دەۋردە – 1939-يىلى «مۇلەنىڭ ئەسكەرلىككە قاتنىشىشى» دېگەن نامدا ئوتتۇرىغا چىققان. مۇلەن ھەققىدىكى مۇشۇ فىلىمدە مۇرەككەپ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشتىكى جىنسىيەت ۋە مىللىي كىملىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بەزىلەر مۇلەن ئەپسانىسى توغرىسىدىكى

يېڭى قىزىقىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مەلۇم نۇقتىدىن ئۇنىڭ تاجاۋۇزنى تەنقىتلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەكىتلىشى توغرىسىدا بەس-مۇنازىرە يۈرگۈزۈشتى. «مۇلەننىڭ ئەمدىلىكتە ئەرەنچە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشىدا نوقۇل ھالدا ئەر بىلەن ئايالنى ئايرىيدىغان ئەمەس، ئۇنىڭدىن سىرت ياۋايى ئىنسانلار بىلەن خىتاي كىشىلىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىش توغرىسىدىكى ئىدىيەلەرمۇ رول ئوينىغان. بۇ خىتايدىن باشقا خەلقلەرنىڭ مۇلەننىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەلەشكە قادىر بولالمايدىغانلىقىنى توغرىسىدىكى مەسىلىگە ئوخشاشلا مۇھىم مەسىلىدۇر.» دەيدۇ كۋا.

ئۇنىڭ بايانىچە، باش قەھرىمان مۇلەننىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە (بارا-بارا ئۆزگەرتىلىپ) قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلىقىغا نەزەر سېلىش بۇگۈنكى دەۋردىكى خىتاينى نېمىنىڭ «خىتاي» قىلغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار، ھەمدە سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان ئايال مۇلەن توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار رامكىسىدىن قارىغاندا مەنىلىك ھېسابلىنىدۇ. ئوخشىمىغان دەۋرلەردە مۇلەن ئەپسانىسىدە تەۋەلىك تۇيغۇسىنى تەكىتلەش ئۆزگۈرۈپ، بۇ ئەپسانە ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكى، فىمىنىزمنى ۋە تېخىمۇ يارقىن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئېتنىك سالاھىيەتنىڭ بۆسۈلۈشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتتى. كۋانىڭ دېيىشىچە، مۇلەن ئەپسانىسىدىكى بۇ ئۆزگەرتىشلەر ھەر قايسى دەۋردىكى ھەر خىل تاماشىبىنلارنىڭ ئوخشىمىغان ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەپسانىدىكى ئەڭ ئاساسى جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ بىزنىڭ كىملىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىزدىكى ھەممىگە ئورتاق نۇقتىنى چىقىش قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ بىزگە قانداق نەزەر بىلەن قارايدىغانلىقىنى كونترول قىلالمايدىغانلىقىمىزنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىكەن.

**مۇلەن ئەپسانىسىنىڭ 2020-يىللىق يېڭى نۇسخىسىدىكى ئىپادىلەش ۋە ئۆزگەرتىلىش**

مۇلەن ئەپسانىسىنىڭ ئەسلى ئورگىنالىغا نەزەر سالساق، ئۇ يېڭى بازارغا چىققان مۇلەن فىلىمىدىكى كىيىم-كېچەك ۋە قۇرۇلۇشلار توغرىسىدىكى تەنقىدلەرنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. بەزىلەر، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەقەلىكلەر ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگۈرەيدۇ، بۇنداق ۋەقەلىكلەر دائىملا توغرا بولىۋەرمەيدۇ دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغاق قويىدۇ. «مەن ئۆزىمىزنى ھەممىلا جەھەتتىن پىششىقلاپ ئىشلىنىپ ئۆزگەرتىلگەن ھېكايىلەرنىڭ قورشاۋىدا قالغاندەك ھېس قىلىمەن. بىز جامىس جويسىنىڭ >يۇلسېس< ناملىق ئەسىرىنىڭ خومېرنىڭ «ئودىسەي» ناملىق ئەسىرىنى توغرا نارىخىي نۇقتىدىن توغرا شەكىلدە تەسۋىرلەنمىگەنلىكىگە غەزەپلەنسەك بولامدۇ؟» دەپ سوئال قويىدۇ كۋا.

يېڭى بازارغا سېلىنغان مۇلەن فىلىمىنىڭ مارت ئېيىدىكى تۇنجى قويۇلۇشىدا، مۇلەن فىلىمىدىكى پېرسوناژلارنىڭ كىيىم-كېچەكنى لاھىيەلىگۈچى بىننا دىئاگلېرنىڭ «**Variety**» تورىغا ئېيتىشىچە، فىلىمدىكى كىيىم-كېچەكلەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىيىنىش ئادىتىنى مەنبە قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار بۇ ھەقتە خىتاي دائىرىلىرى بىلەن بىرلىكتە ياۋروپا مۇزېيلىرىنى زىيارەت قىلغان، شۇنداقلا خىتايدا ئۇچ ھەپتىلىك زىيارەتتە بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ۋە باشقا جايلاردا تېزلا ئىنكاس قوزغىدى. تەنقىدلىگۈچى ۋە قارشىلىق بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى كىيىم-كېچەك لاھىيىلىگۈچىنىڭ رولى توغرىسىدا توختالغان بولغان بولۇپ، فىلىمدە بۇ جەھەتتە خاتالىق يۈز بەرگەنلىكىنى، بۇنداق ئىشتا ۋەقەلىكنى ئەسلى بويىچە، توغرا ئەكس ئەتتۇرۇش ئۇچۇن مەدەنىيەت مۇتەخەسسىسىدىن بىرنى تەكلىپ قىلغان بولۇشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يەنە بەزىلىرى بولسا فىلىمدىكى مۇلەننىڭ ئۆيىنىڭ لاھىيىلىنىشىنى تەنقىد قىلىپ، فىلىمدىكى مۇلەننىڭ

ئۆيى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن تۇرالغۇ خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى خاككا قەۋمىنىڭ ئۈچچە تۇرالغۇ سۈپىتىدە ئىشلىتىدىغان تۇرالغۇ ئىكەنلىكىنى، بۇ تۇرالغۇلارنىڭ خىتايدا 13-ئەسىردىن 20-ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولغىنىنى؛ بۇنداق بىر تۇرالغۇ ئەنئەنىسىنى (بۇنىڭدىن كۆپ ئەسىرلگە ئىلگىرى ياشىغان دېيىلگەن مۇلەننىڭ ئۆيى قىلىپ تەسۋىرلەشنىڭ) مۇلەن توغرىسىدىكى ئەسلى ئەپسانىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بەزىلەرگە نىسبەتەن، ماسلىششچانلىقتا ۋە تارىخىي چىنلىقتا ئالاقىدار مەسىلىلەر تەسۋىرلەش نۇقتىسىدىن مەيلى ئېكرانغا چىققاندا بولسۇن، ياكى فىلىمگە ئېلىش جەريانىدا بولسۇن، بەربىر ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ.

مۇلەن فىلىمى تامامەن ئاسىيالىق ئارتىسلار سەۋەبلىك ئالقىشقا ئېرىشكەن بولۇپ، ئارتىسلارنىڭ بەزىلىرى خىتاي پۇشتىدىن ئىدى. بىراق، بەزىلەر بۇ فىلىمنى فىلىمگە ئېلىش ۋە ئىشلەش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئىپادىلەش سالاھىيىتىنىڭ كەمچىللىكىنى، بۇنىڭ ئومۇمى نۇقتىدىن ئېيتقاندا، فىلىم ۋە فىلىم بېرىدىغان ئۇچۇر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تەنقىد قىلدى.

«مەن بىز كۆرۈشىمىز مۇمكىن بولغان مۇلەننى قانداقراق مۇلەن بولار دەپ، ئاق تەنلىك نۇسخىدىكى مۇلەن بولارمۇ، ياكى ياۋروپانىڭ مەركىزىدىكى مۇستەملىكىزىم نۇسخىسىدىكى مۇلەن بولارمۇ دەپ ئەنسىرەيمەن» دەيدۇ ئارتىس لۇسى شىن. لۇسى شىن شەرقىي ئاسىيا ئەسلىلىك ئەنگىلىيىلىك ئارتىس بولۇپ، ئۇ مۇلەن ئەپسانىسىنى ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئۇنۇۋېرسال چاقىرىققا ئىگە، چۈنكى، مۇلەن ئەپسانىسى ئۆزىنى بايقاش سەپىرىگە يول ئاچقان، شۇنداقلا ئايال پېرسوناژلارنىڭ جەڭچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىنى نامايان قىلغان، دەپ قارايدۇ.

«تارىخچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئېيتىمەنكى، فىلىم خاتالىقلار بىلەن لىق تولغان. فىلىمدىكى ۋەقەلىك ھەقىقىي تارىختىكىگە ئەسلا يېقىن كەلمەيدۇ. مەن فىلىمنىڭ بۇ يېڭى نۇسخىسىدىن ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشتىن باشقا ۋاي دېگۈدەك ئارتۇقچىلىقلارنى كۆرەلمىدىم» دەيدۇ چېن. ئۇ كۋاغا ئوخشاشلا، پەقەتلا فىلىمنىڭ تونۇشتۇرۇش ئېلانىنى كۆرگەن. چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى بەزى كۆزەتكۈچىلەر تەرىپىدىن فىلىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە رولچىلار جەھەتتە ئەسلى ئەسەرنى تەسۋىرلەپ بېرەلمىگەنلىكى توغرىسىدا بەك كۆپ نارازىلىق سادالىرى چىقىۋاتقان بولۇشىغا قارىماستىن، مۇلەن فىلىمىنىڭ پۈتۈنلەي ئاسىيالىق ئارتىسلار رول ئالغان چامباشچىلىق نۇسخىسى ھوللىۋودنىڭ ئەڭ چوڭ بازىرى ھېسابلانغان خىتاينى جەلپ قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. باشقىلارغا نىسبەتەن، فىلىمدىكى ۋەقەلىكنى ئۆگەرتىپ ئىپادىلەشنىڭ ئەۋزەللىكى فىلىمدە مۇلەننىڭ ھېكايىسىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى بەكمۇ غەلىبىلىك ھالدا بايان قىلىشى بولغان. تارىخچى كۋانىڭ دېيىشىچە «ئاقىۋەتتە، ئۆزگەرتىلىشنىڭ فىلىمدىكى مۇۋەپپەقىيىتى فىلىمنىڭ ئۆزى ئاساسلانغان ئەسلى مەنبەنى ياخشى ئىپادە قىلىشىدىن بەكراق، فىلىمنىڭ كۆرۈرمەنلەر بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە ماسلاشقانلىقىدا» ئىكەن. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:«مۇلەن ئەپسانىسىنىڭ ئەسلىدىكى خەلق قوشىقىدىن 16-ئەسىرگىچە بولغان ئۆزگۈرۈشىمۇ ئىنتايىن كەسكىن بولۇپ، بۇ ھالدىن كىشى دېسىنىنىڭ تارىخىي ۋەقەلىكنى ئۆزگەرتىپ بايان قىلىشتا بىرەر ئىجازىتى بارمىدۇ دەپ قالىدۇ.»

كۋانىڭ دېيىشىچە، گەرچە مۇلەن فىلىمى ئىپادىلەش جەھەتتە سالاھىيەتلىك بولسىمۇ، بىراق ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىنىڭ توغرىلىقىغا نىسبەتەن ئويلىشىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن تەرەپلەر مەۋجۇت ئىكەن. گەرچە، يېڭى چىققان مۇلەن فىلىمى كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرسىمۇ، بىراق فىلىمدە ئەڭ كامىدا مىڭ يىل بۇرۇنقى ۋەقەلىكنىڭ بايان قىلىنىشى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىكەن. كۋا مۇنداق دەيدۇ:«ماڭا نىسبەتەن، مۇلەن فىلىمىنى كۆرىدىغان تاماشىبىنلارنىڭ ئۇزۇلۇپ قالماي داۋاملىشىشى ماھىيەتتە تولىمۇ خۇشاللىنارلىق بىر ئىش. بىز ئەپسانىلەرگە قايتىشنى ياخشى كۆرىمىز. بىز ئەپسانىلەردىن ئۆتمۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەنىلىك نەرسىلەرنى بايقاپ چىقالايمىز.»

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى.

https://time.com/5881064/mulan-real-history/



# لېدېرلقتا
# ھېسسي ئەقل

بىر «مۇكەممەل لىدېر»نى خىيال قىلغىنىڭىزدا، خىيالىڭىزغا نېمە كېلىدۇ؟

بۇ چاغدا سىز بەلكىم قانداقلا ئىشقا دۇچ كەلمىسۇن، ھەر قاچان ئاچچىقىغا ھاي بېرەلەيدىغان بىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز مۇمكىن. ياكى ئۆز خىزمەتچىلىرىگە تامامەن ئىشىنىدىغان، ئۆز خادىملىرىنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سالىدىغان، چىقىشقاق، دائىملا دىققەت بىلەن، پاكىت ئاساسىدا قارار چىقىرىدىغان بىرىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈشىڭىزمۇ مۇمكىن.

يۇقىرىقى خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسى ھېسسىي ئەقلى يۇقىرى كىشىلەردە بولىدىغان خىسلەتلەردۇر.

بۇ ماقالىدە بىز ھېسسىي ئەقىلنىڭ لىدېرلار ئۈچۈن نېمىشقا مۇھىملىقى، شۇنداقلا لىدېر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئۆز ھېسسىي ئەقلىڭىزنى قانداق كۈچلەندۈرەلەيدىغانلىقىڭىز توغرۇلۇق توختىلىمىز.

## ھېسسىي ئەقىل (Emotional Intelligence) دېگەن نېمە؟

ھېسسىي ئەقىل كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ھېسسىي ئەقلى يۇقىرى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھېس تۇيغۇلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۆز ھېس-تۇيغۇسى ئىپادىلەيدىغان مەنانى بىلىپ بىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا، ئاشۇ ھېس-تۇيغۇلارنىڭ باشقىلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

لىدېرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھېسسىي ئەقىلگە ئىگە بولۇش مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشنىڭ تۈگۈنىدۇر. بېسىمغا دۇچ كەلگەندە خىزمەتچىلىرىگە ۋارقىراپ-جارقىرايدىغان لىدېر بىلەن مەسىلىگە يولۇققاندا ئۆز كونتروللۇقىنى يوقاتماي، مەسىلىگە تەمكىنلىك بىلەن يۈزلىنىدىغان لىدېرنى سېلىشتۇرغاندا، قايسى لىدېر مۇۋەپپىقىيەتكە بەكراق يېقىن؟

ھېسسىي ئەقىلنىڭ ئالقىشقا ئېرىشىشىگە كۈچ قوشقان ئامېرىكالىق پىسخولوگ دانىيېل گولمەن (Daniel Goleman) نىڭ نەزىرىدە، ھېسسىي ئەقىل مۇنۇ بەش ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپىدۇ:

**(1) ئۆزىنى تونۇش (2) ئۆزىنى تەڭشەش (3) رىغبەتلەندۈرۈش كۈچى (4) ھېسسىداشلىق قىلىش (5) ئىجتىمائىي تەجرىبە**

سىز بىر لىدېر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن يۇقىرىقى بەش جەھەتنى قانچە ياخشى جارىي قىلدۇرالىسىڭىز، ھېسسىي ئەقلىڭىز شۇنچە يۇقىرى بولغان بولىدۇ. ئۇنداقتا بىز بۇ بەش جەھەتكە تەپسىلىي قاراپ چىقىپ، قانداق قىلىپ لىدېر بولۇپ يېتىشىپ چىقالىشىڭىز توغرىسىدا ئىزدىنىپ باقايلى.

## لىدېرلىقتىكى ھېسسىي ئەقىل

### (1) ئۆزىنى تونۇش

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى تونۇسىڭىز، دائىما ئۆز ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ، شۇنداقلا ئۆز ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ ۋە

ئىش-ھەرىكىتىڭىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىسىز. لېدىرلىق ماقامىدىكى چېغىڭىزدا ئۆزىڭىزنى تونۇشىڭىز يەنە ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرىڭىزنى تونۇيدىغانلىقىڭىزدىن، شۇنداقلا كەمتەرلىك بىلەن ئىش كۆرىدىغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا ئۆزىڭىزنى تونۇش ئىقتىدارىڭىزنى قانداق ئۆستۈرەلەيسىز؟

**كۈندىلىك خاتىرە تۇتۇڭ**

كۈندىلىك خاتىرە ئۆزىڭىزنى تونۇش ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇرۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر سىز ھەر كۈنى بىر قانچە مىنۇت ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئوي-خىياللىرىڭىزنى يېزىپ قويسىڭىز، بۇ ھال سىزنى ئۆزىڭىزنى تونۇشىڭىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا يېتەكلەيدۇ.

**ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ**

ئاچچىقلانغان ۋە باشقا كۈچلۈك ھېسسىياتقا دۇچ كەلگىنىڭىزدە ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈڭ. شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، مەيلى نېمىلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاشۇ كۈچلۈك ھېسسىياتىڭىزغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى تاللاش ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا.

## (2) ئۆزىنى تەڭشەش

ئۆزىنى ئۇنۇملۇك رەۋىشتە تەڭشەپ تۇرالايدىغان لېدىرلار باشقىلارغا كەمدىن كەم ئاغزاكى ھۇجۇم قىلىدۇ، ئالدىراڭغۇلۇق قىلمايدۇ، ھېسسىياتقا تايىنىپ قارار چىقارمايدۇ، باشقىلارنى بىر تاياقتا ھەيدىمەيدۇ، باشقىلارنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرمەيدۇ. ئۆزىنى تەڭشەش ئۆزىنى ئۆزى كونترول قىلىپ تۇرۇش دېمەكتۇر.

گولمەننىڭ نەزىرىدە، ھېسسىي ئەقىلگە تەۋە بۇ تۈرگە يەنە لېدىرنىڭ جانلىقلىقى ۋە شەخسىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشمۇ كىرىپ كېتىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا ئۆزىڭىزنى تەڭشەش ئالاھىدىلىكىڭىزنى قانداق كۈچەيتەلەيسىز؟

**ئۆز قىممەت قارىشىڭىزنى بىلىڭ**

قانداق يەردە قەتئىي مۇرەسسەلەشمەيدىغانلىقىڭىز توغرىسىدا كاللىڭىزدا ئېنىق چۈشەنچە بارمۇ؟ قايسى خىل قىممەت قاراشلارنىڭ ئۆزىڭىز ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىملىقىنى بىلەمسىز؟ بىر ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆز «ئەخلاق مىزانى»ڭىزنى تەكشۈرۈپ چىقىڭ. ناۋادا سىز نېمىنىڭ ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز بىرەر ئەخلاقىي مەسىلىدە قارار چىقىرىشتا قايتىلاپ ئويلىنىپ ئولتۇرماستىن، توغرا تاللاشنى رويابقا چىقىرالايسىز.

**ئۆزىڭىزنى جاۋابكارلىققا تارتىڭ**

ناۋادا سىز خاتالىق كۆرۈلگەندە باشقىلارنى ئەيىبلەشكە مايىل بولسىڭىز، بۇنىڭدىن توختاپ قېلىڭ. نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خاتالىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئاقىۋەتكە يۈزلىنىش جەھەتتە ئۆزىڭىزگە ۋەدە بېرىڭ. بۇنىڭ بىلەن كېچىلىرى تېخىمۇ ياخشى ئۇخلىيالىشىڭىز، تېزلا ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ساۋازەر بولالىشىڭىز مۇمكىن.

**تەمكىن بولۇشنى مەشىق قىلىڭ**
كېلەر قېتىمدا ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگىنىڭىزدە، قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىڭىزغا كۆڭۈل بۆلۈڭ. ئۆزىڭىزگە كەلگەن بېسىمدىن باشقا براۋلارغا ۋارقىراپ-جارقىراش ئارقىلىق قۇتۇلماقچىمۇسىز؟ ئۆزىڭىزنى تىنىچلاندۇرۇش ئۈچۈن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ مەشىق قىلىڭ. شۇنداقلا، ئۆزىڭىز دېمەكچى بولغان بارچە سەلبىي سۆزلەرنى يېزىپ چىقىڭ، ئاندىن ئۇنى يىرتىپ، تاشلىۋېتىڭ. ئاشۇ خىل سەلبىي ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنى (ھېچكىمگە كۆرسەتمەستىن) قەغەزگە يېزىپ چىقىشىڭىز ئۆز خىزمەتچىلىرىڭىزگە ئۇلارنى يۇقىرى ئاۋازدا دېيىشىڭىزدىن كۆپ ياخشى. يەنە كېلىپ، بۇنداق قىلىش سىزنىڭ ئادىل مۇئامىلىدە بولۇشىڭىز تىرىشچانلىقىڭىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

**(3) رىغبەتلەندۈرۈش كۈچى**

ئۆزىنى ئۆزى رىغبەتلەندۈرەلەيدىغان لىدىرلار ئۆز غايىسىگە يېتىش ئۈچۈن توختىماستىن تىرىشىدۇ. شۇنداقلا، بۇ خىلدىكى لىدىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمەت سۈپىتىگە بولغان تەلىپى تولىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

رىغبەتلەندۈرۈش كۈچىڭىزنى قانداق ئاشۇرالايسىز؟

**خىزمىتىڭىزنى نېمىشقا قىلىۋاتقىنىڭىزغا قايتا قاراپ چىقىڭ**
ئۆز خىزمىتىڭىزدىكى ياخشى كۆرىدىغان جەھەتلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭىز تولىمۇ ئاسان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇ خىزمەتنى نېمە ئۈچۈن قىلىۋاتقانلىقىڭىز توغرۇلۇق ئويلىنىڭ. ناۋادا سىز ئۆزىڭىزنىڭ خىزمەتتىكى رولىڭىزدىن نارازى بولسىڭىز، شۇنداقلا ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىڭىز كېرەكلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئەسلىمەكچى بولسىڭىز، مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن «بەش نېمە ئۈچۈن» فورمۇلاسىنى قوللىنىڭ. مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىش ئۆز ھالىتىڭىزگە يېڭىچە نۇقتىدىن قاراپ بېقىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

**غايىڭىزنى بىلدۈرىدىغان بايانلىرىڭىزنىڭ يېڭى ۋە جانلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ**
بۇ جەھەتتە ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، «غايە ئورۇنلاشتۇرۇشى» ناملىق ماقالىمىزگە مۇراجىئەت قىلىڭ.

**ئۆزىڭىزنىڭ قايسى ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىڭ**
لىدىرلىق قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك رىغبەتكە ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى ئېنىقلىۋېلىڭ. بىزنىڭ لىدىرلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى باھالىشىمىز ئۆزىڭىزنىڭ لىدىرلىق جەھەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىڭىزنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلىشىڭىزگە ياردەمدە بولىدۇ. سىز لىدىرلىقتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىڭىزنى ئاشۇرماقچى بولسىڭىز، بىزنىڭ لىدىرلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى باھالاش پىرىنسىپىمىز سىزنىڭ پايدىلىق مەنبەلەرگە يۆنىلىشىڭىزگە ھەمدەمدە بولىدۇ.

**ئۇمىدۋار بولۇڭ ۋە ياخشى نەرسىلەرنى بايقاڭ**
ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئىگە لىدىرلار مەيلى قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دائىملا ئۇمىدۋار بولىدۇ. بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن مەشىق قىلىش كېرەك بولىدۇ. بىراق، بۇ بەدەل تۆلەشكە ئەرزىيدىغان خۇسۇسىيەتتۇر.

ھەر قانداق چاغدا ئېغىرچىلىقى دۇچ كەلگىنىڭىزدە، ياكى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغىنىڭىزدا، نۆۋەتتىكى ھالىتىڭىزنىڭ ئىجابىي تەرىپى توغرىسىدا ئەڭ كامىدا بىر سەۋەب تېپىپ چىقىڭ. بەلكىم ئۇ ئىجابىي تەرەپ مەسىلەن يېڭى تونۇشقان كىشى، ياكى ئۆزۈڭ مۇددەتلىك ئۇنۇمى بار بىر ئەۋزەللىك، ياكى بىر مۇھىم تەجرىبىدىن ئىبارەت كىچىك ئىجابىيلىق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئەگەر سىز تېپىپ چىقاي دېسىڭىز ھامان ئۆز ھالىتىڭىزدىكى بەزى ئىجابىي تەرەپلەرنى تېپىپ چىقالايسىز.

**(4) ھېسداشلىق قىلىش**

لېدىرلارغا نىسبەتەن، ھېسداشلىق قىلىش مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر گۇرۇپپا ياكى تەشكىلاتنى باشقۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان لېدىرلار ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلاش ئىقتىدارىغا ئىگە. ھېسداشلىق قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە لېدىرلار ئۆز گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئادالەتسىز ئىش-ھەرىكەتلەردە بولغۇچىلارغا قارشى تۇرىدۇ، ئىجابىي تەكلىپ-پىكىرلەرگە قۇلاق سالىدۇ. شۇنداقلا ئىجابىي تەكلىپ-پىكىرگە ئېھتىياجلىق كىشىلەرگىمۇ قۇلاق سالىدۇ.

ناۋادا سىز گۇرۇپپىڭىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، ساداقەتمەنلىكىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولسىڭىز، ئۇ ھالدا ھېسداشلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىڭ.

ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارىڭىزنى قانداق ئۆستۈرەلەيسىز؟

**ئۆزىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇڭ**

ئۆز نۇقتىئىنەزىرىنى قوللاش ئاسان. نېمىلا دېمىگەن بىلەن، ئۇ سىزگە تەۋە. بىراق، مەسىلىگە باشقىلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە نەزەر سېلىپ بېقىشقا ۋاقىت چىقىرىڭ.

**بەدەن تىلىڭىزغا دىققەت قىلىڭ**

بەلكىم سىز باشقىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىۋاتقىنىڭىزدا بىلەكلىرىڭىزنى كىرىشتۇرۇپ، پۇتىڭىزنى ئالدى-ئارقىغا ھەرىكەتلەندۈرۈشىڭىز، ياكى لېۋىڭىزنى چىشلىشىڭىز مۇمكىن. بۇ خىل بەدەن تىلىڭىز سىزنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولىۋاتقانلىقىڭىزنى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. يۇقىرىقىدەك بەدەن تىلى ئىجابىي بەدەن تىلى ھېسابلانمايدۇ. بەدەن تىلىنى ئۆگىنىپ قويۇش لېدىرلىقتا ئىجابىي رولغا ئىگە. چۈنكى، بەدەن تىلىدىن ساۋاتلىق بولغىنىڭىزدا، باشقىلارنىڭ قانداق ھېس-تۇيغۇدا بولىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىۋالالايسىز. بۇ ھال سىزگە ئەھۋالغا يارىشا ئىنكاس قايتۇرۇش پۇرسىتى ئاتا قىلىدۇ.

**ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنى جاۋابسىز قويماڭ**

ياردەمچىڭىزدىن كەچ ئىشتىن چۈشۈشنى يەنە تەلەپ قىلدىڭىز. گەرچە ئۇ بۇنىڭغا قوشۇلغان بولسىمۇ، بىراق سىز ئۇنىڭ بۇ تەلەپكە بولغان نارازىلىقىنى ئۇنىڭ ئاۋاز تۇسىدىن بايقىيالايسىز. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ تۇرۇپ جاۋاب قايتۇرۇڭ. ئۇنىڭغا كەچ ئىشتىن چۈشۈشنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن مىننەتدار بولغانلىقىڭىزنى، ئۇنى كەچ قويغانلىقىڭىزدىن خىجىل ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنىڭغا ئېيتىڭ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، كەلگۈسىدىكى كەچ ئىشتىن چۈشۈش ئىشىدا ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىڭ. (مەسىلەن، ئۇنىڭغا دۈشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن دەم ئېلىش رۇخسىتى بېرىڭ.)

### (5) ئىجتىمائىي ئىقتىدار

ھېسسىي ئەقلىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدار تۈرىدە ئارتۇقچىلىقى بار لىدىرلار ئالاقىگە بەكمۇ ماھىر كېلىدۇ. ئۇلار شۇم خەۋەر ئاڭلاشقا خۇش خەۋەر ئاڭلىغانغا ئوخشاشلا ئوچۇق مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆزىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇتەخەسسىستۇر. ھەمدە يېڭى ۋەزىپە ياكى پىلانغا ھېرىسمەن بولغۇچىلاردۇر.

ئىجتىمائىي ئىقتىدارى ئۈستۈن بولغان لىدىرلار يەنە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ۋە زىددىيەتلەرنى دىپلوماتىك ئۇسۇلدا ھەل قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ. ئۇلار ئەسلى ھالەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا تولا ھاللاردا رازى بولمايدۇ. بىراق، ئۇلار ئۆزى ئولتۇرۇۋېلىپ باشقىلارنى ئىشقا بۇيرۇپ قويۇشنىڭ ئەكسىچە، ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ بېرىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا سىز ئىجتىمائىي ئىقتىدارغا قانداق ئېرىشەلەيسىز؟

**زىددىيەتنى ھەل قىلىشنى ئۆگىنىڭ**

لىدىرلار ئۆز گۇرۇپپىدا ئەزالىرى ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى، خېرىدارلار بىلەن بولغان زىددىيەتلەرنى ياكى تىجارەتچىلەر بىلەن بولغان زىددىيەتلەرنى قانداق ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ناۋادا سىز غەلىبە قازىنىمەن دەيدىكەنسىز، «زىددىيەت ھەل قىلىش ماھارىتى»نى ئۆگىنىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

**ئالاقە ئىقتىدارىڭىزنى كۈچەيتىڭ**

سىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىدە قانچىلىك ئالاھىدىلىكىڭىز بار؟ بىزنىڭ «ئىجتىمائىي ئالاقىگە ئائىت سوئاللار» دېگەن ماقالىمىز سىزنىڭ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشىڭىزگە ياردەمچى بولىدۇ. ئۇ ماقالىمىز ئىجتىمائىي ئالاقىنى ئۈستۈرۈشتىكى پايدىلىق تەكلىپلەرنى سىزگە سۇنىدۇ.

**باشقىلارنى قانداق ماختاشنى ئۆگىنىڭ**

لىدىر بولغان ئىكەنسىز، نۆۋىتى كەلگەندە خىزمەتچىلىرىڭىزنى ماختاپ-مەدھىيىلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى قوزغىتالايسىز. باشقىلارنى قانداق مەدھىيىلەشنى ئۆگىنىش بىر گۈزەل سەنئەت بولۇپ، ئۇ ئۆگىنىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئەرزىيدىغان خىسلەتتۇر.

**ئاچقۇچلۇق نۇقتا**

ئۈنۈمدار لىدىر بولۇش ئۈچۈن، لىدىر بولغۇچى ئۆزىنىڭ كەيپىياتى ۋە سۆز-ھەرىكىتىنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا يېتەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى زۆرۈر. باشقىلار بىلەن قانچە ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋە قانچە ياخشى ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن لىدىر شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغان لىدىر ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنى كونترول قىلىش، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ھېسداشلىق قىلىش ۋە ئىجتىمائىي

**ماھارەت جەھەتلەردە ئۆزىڭىزنى كۈچەيتىشكە ھەرىكەت قىلىڭ. بۇ جەھەتتە كۈچىشىڭىز كەلگۈسىدە ئۆزۈڭ چىقىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

**مەنبە:**

**https://www.mindtools.com/pages/article/newLDR_45.htm**



# «ختاي كومپارتىيىسى ناچار، ختاي خەلقى ياخشى» ئەپسانىسى

داۋۇد خات

ئۇچىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتىنىڭ يازغۇچىسى جوش روگىن (Josh Rogin) بېيجىڭنىڭ كورونا ۋىرۇسى كىرزىسى تارىخىنى قايتا يېزىشىغا قارشى تۇرۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى، بىراق بۇنىڭ خىتاي پۇقرالىرىغا ياكى ئاسىيا ئەسلىلىك ئامېرىكالىقلارغا قارشى ئىرقچىلىق خاھىشىغا ئوت قۇيرۇقلۇقى قىلمىغان ئاساستا بولۇشىنى تەكىتلىگىنىگە توّت ئاي بولدى.

«خىتاي خەلقى توغرىسىدىكى بايانلىرىمىز بىلەن ئۇلارغا بېيجىڭدا تۇرۇپ هۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار توغرىسىدىكى بايانلىرىمىزنى ئايرىش بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئاچقۇچى هېسابلىنىدۇ» دەپ يازىدۇ روگىن.
روگىن دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئاكادېمىكلار ۋە ئانالىزچىلارغا ئوخشاش رەۋىشتە مۇنۇلارنى يازغان: «بىز چوقۇم خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنى ئۇنىڭ قىلمىشلىرى توغرۇلۇق ئەيىپلەشتە ئوبيېكتىپ بولۇشىمىز كېرەك. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋىرۇسنىڭ تارقالغانلىقىنى هەپتىلەپ يوشۇردى، دوختۇرلارنىڭ ئاغزىنى يۇمغۇزۇپ، ژۇرنالىستلارنى تۇرمىلەرگە قامىدى ۋە تەتقىقاتچى ئالىملارنىڭ يولىنى توستى.»

«خىتاي خەلقى بولسا بۇ ۋەقەنىڭ قەهرىمانلىرىدۇر. خىتاي دوختۇرلار، تەتقىقاتچىلار ۋە ژۇرنالىستلار ئۆز هاياتىنى دوغا تىكتى، هەتتا ۋىرۇسقا قارشى كۈرەش قىلىش ۋە ئۆلۈمدىن ئاگاهلاندۇرۇش يولىدا ئۆلدى.»

«خىتاي خەلقى يەنە خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق تەدبىرلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ، خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ تەدبىرلىرى غايەت زور كۆلپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.» يىغىنچاقلىغاندا، ئۇ «بىزنىڭ مۇشكىلاتىمىز خىتاي خەلقى بىلەن ئەمەس، بەلكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەندۇر» دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان.

بۇ خىل قاراشنىڭ نەقەدەر كەڭرى تارقالغانلىقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولمايدۇ. بىراق «خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ناچار، خىتاي خەلقى ياخشى» دېگەن كەيپىيات ئومۇملاشقان بىر هالەت مەۋجۇت. مەن كۆپلىگەن مۇستەبىت دۆلەتلەردە ياشاپ باققان ياكى شۇ دۆلەتلەردە تۇرۇپ خەۋەر يېزىپ باققان. هاكىمىيەتتىكى پارتىيە بىلەن ئۇ هۆكۈمرانلىق قىلغان جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئېنىق ئايرىش توغرىسىدىكى پىكىر ماڭا تونۇشلۇق.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر توپلۇمنى ئىرىقچىلىقتىن قوغداشقا تىرماشقاندا، كىشى چاپان يېپىش بىلەن كەمسىتىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياخشى يول تۇتىدۇ. ئۇ توپلۇم قىلمىشلىرىدىن جاۋابكار بولماسلىق بىلەن بىرلىكتە، دائىملا خاتالىقى يوق، مۇكەممەل توپلۇم دەپ قارىلىدۇ.

بىراق، بۇ خىل پىكىردە مەسىلە بار. «مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىغۇچى» ۋۇخەنلىك دوختۇر لى ۋېنلياڭنى مىسالغا ئالساق، ئۇ نۆۋەتتە بەزى غەربلىكلەر تەرىپىدىن كومپارتىيە بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولمىغۇچى دەپ قارالماقتا. چۈنكى، ئۇ ئىككىنچى ئايدا ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى Covid-19 ۋىرۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خىتاي ۋىرۇسى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلىغۇەتكەن.

روگىن ئۆز ماقالىسىدە «بۇ هېكايىنىڭ قەهرىمانلىرى» دەپ يېزىۋاتقاندا مەلۇم بىر شەخسنى نەزەردە تۇتقانلىقىدا شەك يوق. بىراق، دوختۇر لى ۋېنلياڭ ئۇنۋېرسىتېت دەۋرىدىن تارتىپلا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. خىتايدىكى كۆپلىگەن مەشھۇر، ئىزچىل ئۆكتىچىلەرمۇ بىر زامانلاردا خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

خىتايشۇناس پروفېسسور، شۇنداقلا لاۋۇ خىتاي ئىنىستىتۇتىنىڭ دىرېكتورى كېربي بروۋن (Kerry Brown)

تۆتىنچى ئايدا «ئوكسفورد سىياسىي ئوبزور ژۇرنىلى»دىكى بىر ماقالىسىدە مۇنداق يازغان:«پارتىيە بىلەن خەلقنى تۆپتىن ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش پىكىرىدىكى كۆپ سانلىق شەخسكە نىسبەتەن باش قېتىنچىلىقى بولۇۋاتقىنى پارتىيە شۇ پارتىيە مەۋجۇت بولغان جەمئىيەتنىڭ پارتىيىسى، ئۇ پارتىيىنىڭ ئەزالىرى ھېچقانداق شەك-شۇبھە بولمىغان ھالەتتە تېپىك خىتاي خەلقى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەسىلىدۇر.»

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن:«خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسى قەستەنلىك بىلەن  جەمئىيەتكە سىڭىشىش ۋە جەمئىيەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىش قەدىمىنى ئېلىپ بولغان. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن خىتاي جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت توغرىسىدا ئەڭ ئېھتىيات بىلەن سۆزلەنگەن سۆز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تولىمۇ مۇرەككەپ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت.»

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «شۇنىڭدەك، ناۋادا سىز كومپارتىيەنىڭ <رەزىللىكى> دېگەنلەر توغرىسىدا سۆز قىلماقچى بولسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز كۆپلىگەن خىتاي پۇقرالىرىغا مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن تامغا ئۇرغان بولىسىز. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى باشقا ئالاھىدە توپلۇم ئەمەس، بەلكى خىتاي خەلقىدۇر.»

كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇچ مىڭ ئەمەلدارى ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر يوق ھېسابتا بولۇپ، تەخمىنلەرگە كۆرەپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ 90 مىليون ئەزاسى بار. بىراق، بۇ خىل ئەھۋال پەقەت خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭلا جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىگە سىڭىپ كىرگەنلىكىدەك مەنزىرىنى سۈرەتلەپ بېرەلمەيلا قالماي، يەنە مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تەقدىرىگە باغلىنىپ قالغانلىقىنىمۇ سۈرەتلەپ بېرەلمەيدۇ.

خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ چوڭ ئەمەلدارلىرىدىن باشقا، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئەقىل بىلەن تەمىنلەيدىغان مىليونلىغان ئالىملار، تېخنىكلار، ئىقتىسادشۇناس، ئاكادېمىكلار ۋە باشقا ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر مەۋجۇت.

بۇنىڭدىن سىرت، كومپارتىيەنى قوغداش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار، مۇخبىرلار، ئوبزورچىلار قاتارلىقلار بار. شۇنىسى ھەقىقەتكى، كومپارتىيە يۇقىرى قاتلىمىدا ۋە مۇناسىۋەتلىك كومپارتىيە ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغانلار بارغانچە شەھەرلەردىن، ئوتتۇرا تەبىقە كىشىلىرىدىن ۋە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان كىشىلەردىن تەشكىل تاپماقتا. ئۇ يەرلەردە خىزمەت قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بەلكىم كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىدىئولوگىيىسى بىلەن ئوخشاش ئىدىئولوگىيىدە بولماسلىقى مۇمكىن. بىراق، ئۇلار پۇرسەتپەرەسلىك ياكى رېئاللىققا يۈزلەنگۈچى ھالىتىدە خىتاي كومپارتىيىسى ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ ھاياتتا ئۇتۇق قازىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىكەنلىكى بىلىدۇ.

بۇ ھال يەنە بىر مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نۇرغۇنلىغان خەلقنىڭ تەقدىرى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ تەقدىرىگە باغلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا، كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاي خەلقنىڭ قانۇنلۇق ۋەكىلىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ. چۈنكى، 1949-يىلى خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن بۇيان، خىتايدا نەچچە ئون يىللار مابەينىدە ئەركىن سايلام بولۇپ باققان ئەمەس. خۇلاسىلىگەندە، كوممۇنىستىك پارتىيىنى ئالدى بىلەن ھەممىنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكەن، ئىككىنچىدىن خىتاي خەلقنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى دەپ خۇلاسە چىقىرىش ئىمكانسىزدۇر.
بىراق، بۇ خىل ھۆكۈم نۇرغۇنلىغان ئوبزورچىلار ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان لوگىكىلىق خۇلاسىگە

تايانغان. ئۇ بولسىمۇ، تاكى خىتايدا ھەقىقىي دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىغۇچە، ياكى بېيجىڭدىكى رېجىم ئالماشمىغۇچە، خىتاي خەلقى ھەرگىز قانۇنلۇق ھۆكۈمەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، خىتاي چوقۇم دېموكراتىك كەلگۈسىگە قاراپ مېڭىشى كېرەك دەپ بىزگە ئوخشاش ئويلايدىغانلار خىتايغا قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار ئەمەس، خىتاي ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ.

كېرىي بىروۋننىڭ مانا مۇشۇنىڭدىن يۈزى قىزىرىدۇ. ئۇ « خىتاينىڭ سىرتىدا ئاقىلانە مەيداندا تۇرۇپ قەھرىمانلارچە سۆز قىلىۋاتقان بىز دېموكراتىيەدىن ئىبارەت بۇ قۇتۇلۇشنىڭ يېتىپ كېلىشىدىكى يادرولۇق شەخسلەرمىز. بىز يولىمىزنى داۋام قىلىمىز، ئەركىنلىك يېقىندۇر» دەيدىغانلار توغرىسىدا مەسخىرىلىك بايانلارنى يازىدۇ.

بىراق، دېموكراتىك دۇنيانىڭ ئەخلاق مىزانلىرىنى ئىپادە قىلىدىغان غەربلىكلەرگىلا ئەمەس، يەنە خىتاينىڭ قوشنىلىرى ھېسابلانغان كورىيەدىكى، ياپونىيەدىكى ۋە تەيۋەندىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇنچە گۇمانخورلۇق قىلماسلىق لازىم. ھاكاۋۇرلۇق توغرا ئەمەس. ئەمما، ئەخلاق نىسپىيلىكى ئۇنىڭدىنمۇ ناچار.

ناۋادا بىراۋ خىتايدا دېموكراتىك ئۆزگىرىشنى ئارزۇلىسا، روگىن ئىلگىرى سۆرۈۋاتقان «بىزنىڭ خىتاي خەلقى بىلەن خاپىلىقىمىز يوق، بىزنىڭ مەسىلىمىز خىتاي كومپارتىيىسى بىلەندۇر» دېگەن تىپتىكى پىكىر رېئاللىققا زىت.

كۆپلىگەن مۇستەبىت دۆلەتلەر ئاۋام خەلقنىڭ چىرايلىقچە ۋە جاسارەتلىك ھالدىكى قارشى تۇرۇشلىرى بىلەن غۇلاپ چۈشمەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆلى نەچچە ئون يىللىق خاتا ئىقتىساد باشقۇرۇش سەۋەبلىك لىڭشىپ قالغان. بىراق، ئۇ ئاقىۋەتتە موسكۋانىڭ ۋارشاۋا شەرتنامىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ قارشىلىقلىرىنى رەت قىلىپ، ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاشقا ئورۇنغانلىقى، نەتىجىدە سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە – مەسىلەن، بالتىق دېڭىزىغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئارقىدىن بورىس يېلتسىن (**Boris Yeltsin**) رۇسىيە مۇستەقىللىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپادىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا دۆلىتى ھېسابلانغان پولشادىلا ئىتتىپاقلىق ھەرىكىتى تۈسىنى ئالغان، فۇنكسىيىسىنى جارىي قىلدۇرالايدىغان پۇقرالار جەمئىيىتى ۋە مۇمكىنچىلىك ئىچىدىكى «كۈتۈلۈۋاتقان ھۆكۈمەت» مەۋجۇت ئىدى.

تارىختىن بۇيان، مۇستەبىت رېجىملار «ئوردىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش» نەتىجىسىدە، ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدەك ئۆزلىكىدىن ۋەيران بولۇش نەتىجىسىدە، ياكى ھاكىمىيەتتىكى پارتىيەنىڭ سىرتىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش سەۋەبلىك غۇلاپ چۈشتى. كېيىنكى خىلدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشكە ئاۋام خەلق قاتناشقان، بىراق ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ھەربىي قاتناشقان. ھەقىقەتتە، **1986**-يىلىدىكى فىلىپپىن دىكتاتورى فېردىناند ماركوسنى (**Ferdinand Marcos**) ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان خەلق ھەرىكىتى ھەربىي ياردەمنىڭ كۈچىگە تايانغان. ھىندونېزىيە دىكتاتورى سۇخارتو رېجىمى **90**-يىللارنىڭ ئاخىرىدا كۆپلىگەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن غۇلاپ چۈشكەن.

ناۋادا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاكىمىيەتتىن موللاق ئاتسا، بۇنىڭ ئىچكى ئازادلىق ياكى پارتىيە ئىچىدىكى مۆتىدىللەرنىڭ «ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى» تۈپەيلىدىن يۈز بېرىش

**مۇمكىنچىلىكى چوڭ. بىراق، كوممۇنىستىك پارتىيەگە بولغان غەزەپ-نەپرەتنى بايان قىلىش پارتىيە ئىچىدىكى ئۆزگۈرۈش ۋە ئىسلاھاتقا مايىل كىشىلەرنى تاماشىبىن ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. دەرۋەقە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە بولغان ھەربىر شەخسىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىدارە قىلىنىشىغا جاۋابكار بولىدىغان، (شۇنىڭ باراۋىرىدە دۆلەتنىڭ جىنايىتىگىمۇ جاۋابكار بولىدىغان) غايەت زور ئورگان ئىكەنلىكىنى چىقىش قىلغىنىمىزدا، كۆپلىگەن ئانالىزچىلارنىڭ گۇمانىنىڭ ئەكسىچە، شى جىنپىڭنىڭ ئەتىراپىدا تۇرىدىغان يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى پارتىيىدىكى شىنىڭ رىغبەتلەندۈرشى ۋە ئىش-ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا شەخسلەر بىلەن ئايرىيدىغان ھېچنەرسە يوق.**

**ناۋادا بىراۋ خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ دېموكراتىيەلىشىشىنى ئاززۇلىسا، ياكى ئەڭ بولمىغاندىمۇ ياۋزۇلۇق جەھەتتە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن تۆۋەنراق تۇرىدىغان رەھبەرلىك قاتلىمىنى ئۈمىد قىلسا، بۇ ئىسلاھ قىلىنغان سىستېما كونا رېجىمدا خىزمەت قىلغان كۆپلىگەن ئەمەلدارلارنىڭ يېڭى سىستېمىسىنى باشقۇرۇشىغا موھتاج بولىدۇ.**

**1949-يىلىدىن كېيىن يېڭى قۇرۇلغان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى گومىنداڭنىڭ بەزى كونا ئەمەلدارلىرىغا ۋە يەرلىك مىلىتارىستلارغا موھتاج بولدى. دېكتاتورلۇقتىن كېيىنكى سىستېمىنى ئىگىلەيدىغان سىياسەتچى ۋە بيۇكراتلار كۆپۈنچە ھاللاردا دېكتاتورلۇق دەۋرىدە ھاكىمىيەت تۇتقانلار بولۇپ كەلدى. بۇ جەھەتتىكى دەل مىسالدىن بىرى شۇكى، 1945-يىلىدىن كېيىنكى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەسلىدىكى ناتسىست ھوقۇقدارلارنى ئىشخانىلاردا ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولغان.**

**بەلكىم، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن خىتاي خەلقى ئارىسىدا ھەقىقەتتە بىر بۆلۈنمىچىلىك مەۋجۇت ئەمەستۇ. ئەمما، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دېموكراتلار خىتاينىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىسلاھاتچىلارنى ۋە ئىسلاھاتچى مۇتەپپەككۇرلارنى قوللايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ كۆپلىگەن مۇھىم ئەمەلدارلىرىدىن تارتىپ خىتاي خەلقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان دىكتاتورلۇققا مايىل كىشىلەرگە قارشى تۇرۇدىغانلىقىنى سۆزلىشى كېرەك.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

**https://asiatimes.com/2020/07/the-communist-party-evil-chinese-people-good-myth/**



# ئوغۇزخان ۋە قاراخانغا باغلانغان « قارا » ۋە « قاراخان » ئاتالغۇسغا يوشۇرۇنغان تاريخ

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن.

-«ئوغۇزنامە»دىن

مىللىي بايراملىرىنى ئەسلىمەيدىغان مىللەتلەر تارىخ ئېڭىنى يوقىتىدۇ. تارىخ ئېڭىنى يوقاتقان مىللەتلەر باشتا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى، كېيىن جاسارىتىنى، ئەڭ ئاخىرىدا مۇستەقىللىقىنى يوقىتىدۇ. مىللىي بايراملىرىنى خاتىرىلىمەيدىغان مىللەتلەرگە دىنىي بايراملىرىنى خاتىرىلىگىدەك ۋەتەنمۇ قالمايدۇ.
– كۆك ئەرۋاھ

«ئوغۇزنامە» ئېپوسى-تارىخىمىزدىكى غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئابىدىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە ئېتنىگورافىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەنبە ھېساپلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كۆپلىگەن مەشھۇر تۈركولوگلار، مەسىلەن، گوللاندىيىلىك خوس، گېرمانىيىلىك دېتىس، رۇسىيەلىك رادلوف، فىرانسىيىلىك پىللىئوت، سابىق سوۋىت ئىتتىپاقىلىق شىرباك، تۈركىيىلىك رەشىد رەھمەت ئارات قاتارلىقلار بۇ ئەسەرنى نەشىرگە تەييارلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

ھازىرغىچە بىزدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا ئەسەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ۋە فىرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى «مىللىي كۇتۇپخانا»دا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىدىن باشقا، رەشىدىددىن (1318-1247)نىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» (ئومۇمىي تارىخ)، مىرزا ھەيدەر كوراگانى (1551-1500)نىڭ «تارىخى رەشىدى»، ئەبۇلغازى باھادىرخان(1664-1603)نىڭ «شەجەرئىي تۈرك» (تۈركلەرنىڭ شەجەرىسى) دېگەن ئەسەرلىرىدە ئوغۇزخانغا ئائىت تەپسىلاتلارنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنغان. گەرچە يۇقىرىقى مەنبەلەر تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەنبەلەردىكى ئوغۇزخانغا ئائىت مەلۇماتلار كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە تېخى نائىل بولالمىدى. مەن يېقىندا مەشھۇر تارىخچى شەرەپىددىن ئەلى يەزدى (1454-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)نىڭ زەپەرنامە ناملىق ئەسىرى ۋە مىرزا ئۇلۇغبېك (1449-1394)نىڭ «تارىخى ئەربەئى ئۇلۇس» (تۆت ئۇلۇس تارىخى) ناملىق ئەسىرىنى كۆرۈپ، بۇ ئىككى ئەسەردىمۇ ئوغۇزخانغا ئائىت مەلۇماتلارنىڭ خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھەر ئىككىلا ئەسەردە ئوغۇزخانغا ئائىت مەلۇماتلار يەر-جاي نامىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاش بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئىككى ئاپتور ئاساسلانغان تارىخىي مەنبەنىڭ ئوخشاشلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. شۇمۇ دىققەتكە سازاۋەركى، بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتىمۇ ئاساسەن ئوخشاش. بۇ بىر تاسادىپىي توغرا كېلىپ قىلىش بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم ساھەسىدە ئاز ئۇچرايدىغان ھادىسە ھېساپلىنىدۇ.

شەرەپىددىن ئەلى يەزدى ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك ئالىملىرىدىن بولۇپ، تارىخ، پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە ئاسترونومىيەگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى-«زەپەرنامە» ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇھ ( مىرزا مۇھەممەد تاراغاي ئۇلۇغبەگنىڭ ئاتىسى ) (1447-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)نىڭ ئوغلى ئىبراھىم سۇلتان(1435-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)ن ىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان. ئىبراھىم سۇلتان «زەپەرنامە»نى يېزىشتا شەرەپىددىن ئەلى يەزدىنى مەخسۇس تارىخى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەندىن باشقا، ئەسەرنى يېزىش ۋە بېكىتىش ئىشلىرىغا ئۆزى بىۋاستە نازارەتچىلىك قىلغان.

«زەپەرنامە»دە ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا ئائىت مەلۇماتلار خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، « ئوغۇزنامە» ئېپوسىغا سېلىشتۇرغاندا بەزى روشەن پەرقلەرگە ئىگە. ھەتتا بەزى ئادەم ۋە يەر-جاي نامىلىرى

خېلى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئاساسلار بىلەن يورۇتۇلغان. شۇڭا «زەپەرنامە»دە تىلغا ئېلىنغان ئوغۇزخانغا ئائىت مەلۇماتلارنى «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ تارىخى مەنبەسى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ. «ئوغۇزنامە» ئېپوسى ۋە باشقا تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان ئوغۇزخاننىڭ كىملىكى ھەققىدىكى كۆز قاراش تېخى تولۇق بىرلىككە كەلگىنى يوق. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئوغۇزخاننى ھېچقانداق بىر تارىخىي شەخس بىلەن باغلىنىشلىقى بولمىغان ئەپسانىۋىي ئوبراز دەپ قارىسا، يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار ، بولۇپمۇ ئوسمانىلار تارىخچىلىرى ئوغۇزخاننى ھون تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت ۋە باشقا تارىخىي شەخسلەرگە باغلاپ قارايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوغۇزخاننى باتۇر تەڭرىقۇتقا تەققاسلاپ قارايدىغانلار بىرقەدەر ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

«زەپەرنامە» ۋە باشقا تارىخىي مەنبەلەردىكى ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئائىت مەلۇماتلارنى گەرچە ئېنىق تارىخىي ئاساسقا ئىگە دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمىسىمۇ، بەزى تارىخىي ھادىسىلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئوغۇزخان ھەققىدىكى بەزى مەسىلىلەرگە ئېنىقلىق كىرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

1. «زەپەرنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ ئاخىرقى بالىسى تەڭرىخاننىڭ ئوغلى ئېلخاننىڭ تۆر بىلەن ئۆرۈش قىلىپ يېڭىلگەنلىكى بايان قىلىنىپ، «بۇ ۋەقە ئوغۇزخان ۋاپاتىدىن مىڭ يىل ئۆتكەندىن كېيىن سادىر بولغانىدى» دېيىلىدۇ. بۇ مەلۇمات ئۇلۇغبېكنىڭ «تۆت ئۇلۇس تارىخى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ ئوخشاش ھالدا ئۇچرايدۇ. ئۆزبېك ئالىمى ئامانۇللا بۆرىيېۋ رەشىدۇددىنىنىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۆزى ياشىغان دەۋردىن ئىككى مىڭ يىل ئاۋۋال بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنلىكىنى قەيت قىلىپ: «دېمەك ئوغۇزخان مىلادىيەدىن بىرمىڭ 500 يىل ئاۋۋال ياشىغان»[1]دەپ قارايدۇ.

2.«زەپەرنامە»دىمۇ، «تۆت ئۇلۇس تارىخى»دىمۇ ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان بۇ زەنجەرخاننىڭ ئەمىر ئەبۇ مۇسلىم مەرزەۋى يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇممەۋىيلەر خەلىپىلىكى (661-750) گە قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى، ئابباسلار خەلىپىلىكى(750-1258)نىڭ باش قوماندانى ۋە ئۇلارنىڭ خۇراساندىكى نائىبى ئەبۇ مۇسلىم ئابدۇرەھمان ئىبىن ئەسەد مەرزەۋىي(727-755)بىلەن زاماندىش ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. «تۆت ئۇلۇس تارىخى»دا يەنە بۇزەنجەرخاننىڭ چىڭگىزخاننىڭ توققۇزىنچى بوۋىسى، ئەمىر تېمۇر كوراگان(1336-1405)نىڭ 14-بوۋىسى ئىكەنلىكى يېزىلغان.

3. جۇنەيدۇللا خوجا ئوغلى ئىسھاقخان(1862-1937 –يىللار، تەخەللۇسى ئىبرەت)نىڭ «پەرغانە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىمۇ ئوغۇزخانغا ئائىت بەزى مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.«پەرغانە تارىخى»نىڭ باش قىسمىدا ئاپتور تۇران ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ مۇلۇكلەرگە دەسلەپ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتكەنلەرنىڭ بىرىنچىسى ئوغۇزخان، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇران خانى ئالپ ئەرتۇڭا ئەپرا سىياب»[2] دەپ يازسا، يەنە بىر يەردە يەنى ئەسەرنىڭ ئەنجان تارىخىغا بېغىشلانغان قىسمىدا «ئوغۇزخان بۆقۇخاننىڭ سەككىزىنچى بوۋىسىدۇر يەنى بۆقۇخان ئەپراسىيابنىڭ موڭغۇلچە ئىسمىدۇر»[3]، «ئەندىجان تۆت مىڭ يىل مۇقەددەم يەنى ئوغۇزخان ۋاقتىدا شەھەر ئىدى، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئاۋات شەھەر ئىكەن. ئوغۇزخان ھەزرىتى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ توققۇزىنچى ئوغلىدۇر»[4] دېگەنلەرنى بايان قىلىدۇ.

يۇقىرىلاردىن بىز ئوغۇزخانغا ئائىت بەزى مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولۇش بىلەن بىرگە يەنە يېڭى بىر مەلۇمات-تارىخىمىزدىكى ئۆچمەس سىما ئەپراسىياب يەنى ئالپ ئەرتۇڭانىڭ ئوغۇزخان بىلەن بىر نەسەپتىن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۆقۇخان دېگەن يەنە بىر ئىسمىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز. مەلۇمكى ئەپراسىياب-ئالپ ئەرتۇڭانىڭ پارسچە ئىسمى. ئۇنىڭ يەنە بۆقۇخان دېگەن ئىسمىنىڭ بولۇشى، تۈرك ئوغلانى ئالپ

ئەرتۇغانىڭ نەقەدەر شانۇ-شەۋكەتلىك خاقان ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇقۇخان دېگەن بۇ ئىسىم «بۇكۇخان رىۋايىتى»دىكى باش شەخس بۇكۇخاننىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە. شۇ سەۋەپتىن بۇ ئىككى ئىسىمنىڭ كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ئىككى خىل ئوقۇلغان ياكى ئىككى خىل تەلەپپۇز قىلىنغان بىر ئىسىم بولۇش ئېھتىماللىقىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنى بۇ ئىسمغا مۇناسىۋەتلىك تارىخى ماتېرىياللار ۋە رىۋايەتلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى تونۇپ يېتىشكە بولىدۇكى، ئوغۇزخان قانداقتۇر ئەپسانىۋىي شەخس بولماستىن، بەلكى كۆپ ئەسىرلىك تارىخىمىزنىڭ ئۆلىنى قۇرغۇچى ھەقىقىي شەۋكەتلىك خاقاندۇر. ئۇنىڭ خانلىقى قەدىمكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، زامان ئۇقۇمىنى مۇكەممەل ۋە تولۇق ئىسپاتلايدىغان ئېنىق ھۆججەتلىك يىلنامىلار ھازىرچە تېپىلمىغان بولسىمۇ كېيىنكى زامان تارىخچىلىرى تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنغان بەزى مەلۇماتلارنى تەتقىق قىلىپ كۆرسەك، بۇ ھەقتە خېلى قايىل قىلارلىق يەكۇنلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

ئۇلۇغبېك «تۆت ئۇلۇس تارىخى»دا، «تارىخ ۋە خەۋەرلەر تەھقىقلىگۈچىلىرى نەزىرىدە شۇ مۇقەررەركى، ئوغۇزخان غەربىي قاراخانىلار سۇلتانى ئوسمان خانىنىڭ ئون بەشىنچى بوۋىسىدۇر»[5] دەيدۇ. يەنە باشقا مەلۇماتلارغا قارىغاندا، رەشىدۇددىنىنىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە خارەزىمشاھىنىڭ قوشۇن تورپلاپ بۇخاراغا يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە «ئەتراپتىكى ھاكىملارنىڭ خۇسۇسەن سەمەرقەندنىڭ سابىق ھاكىمى، ئەپراسىياب ئەۋلادلىرىدىن بولغان سۇلتان ئوسمانغا خۇشخەۋەر ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ياخشى ۋەدىلىرى بىلەن ئۈمىدۋار»[6] قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغانلىقى مەلۇم. مىلادىيە 1204-يىلىدىن 1211-يىلغىچە قاراخانىيلارنىڭ ماراۋەئۇننەھر (سەمەرقەند)دىكى ھۆكۈمدارى بولغان سۇلتان ئوسمانخاننىڭ ئوغۇزخان ھەم ئەپراسىياپنىڭ ئەۋلادلىرى بولغانلىقى ئوغۇزخان بىلەن ئەپراسىيابنىڭ بىر نەسەب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، بەلكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوغۇزخان ئاساس سالغان خانلىق بىلەن يىلتىزداش ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئاتاقلىق تارىخچى موللا مۇسا سايرامى (1917-1836) ئۆزىنىڭ «تارىخى ئەمىنىيە» ناملىق ئەسىرىدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (مىلادىيە 956-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) نىڭمۇ ئەپراسىياپنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى يازىدۇ.[7] دېمەك، بۇ يەردە بىرقىسىم تارىخچىلارنىڭ «رىۋايەتتىكى ئوغۇزخان قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىر خانىنىڭ سىمۋولى»[8] دېگەن تەنتەكلەرچە قاراشلىرى پۈت تېرەپ تۇرالمايدۇ. تارىخىمىز شۇقەدەر مۆجىزىگە بايكى، خەلقىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى سەلتەنەت ساھىبى بولغان ئوغۇزخاننىڭ دادىسى قاراخان دەۋرىدىن تاكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۈيۈك قاراخانىيلار سۇلالىسىگىچە ناھايىتى ئۇزاق بىر دەۋرنى «قارا» دېگەن بىر سۆز خۇددى سىرلىق يىلتىزغا ئوخشاش بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە ئايرىم-ئايرىم دەۋرلەردە قوللىنىلغان بۇ سۆزنىڭ مەلۇم ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. خىتاي تارىخچىسى ليۇزىشياۋ «قارا» دېگەن سۆز ھەققىدە توختىلىپ: «‹قارا› دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلى رەڭدىكى ‹قارا›نى ئىپادىلەيتتى، بىراق يېقىنقى زامان تىلشۇناسلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ‹قارا› دېگەن سۆزنىڭ ‹كەڭ، بىپايان› دېگەن مەنىلىرىمۇ بار ئىكەن. سۆز مەنىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ‹ئۇلۇغ، ھەيۋەتلىك› دېگەن مەنىلەرمۇ سىڭگەن»[9] دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئوغۇزخاننىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى بىر تەرەپتىن نوقۇل ئىسىملىك رول ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن سۆزنىڭ سۈپەت مەنىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇنىڭ «ئۇلۇغ»، «ھەيۋەتلىك» خان ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

دەرۋەقە لۇغەت مەنىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «قارا» بىرخىل رەڭنىڭ نامى. قارا رەڭ بارلىق رەڭلەر ئىچىدە

ئەڭ ساپ، ئەڭ توق ئانا رەڭ. شۇ نۇقتىدىن قارا رەڭنى رەڭلەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دېيىشكە بولىدۇ. ھەمدە قارىنى مەركەز، ساپلىق، مۇستەھكەملىكنىڭ سىمۋولى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. لۇغەتلەردە يەنە «قارا» دېگەن سۆزگە كۆچمە مەنە سۈپىتىدە، نىشان، چېداملىق، دەھشەتلىك دېگەندەك تەبىرلەر بېرىلگەن. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، ئوغۇزخاننىڭ دادىسى قاراخاننى مىللىي تارىخىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى خان، ئۇ قۇرغان خانلىقنى كېيىنكى خانلىقلىرىمىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دەپ قارىساقمۇ خاتا بولمايدۇ. يەنە شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، قارا ئەڭ ساپ رەڭ بولۇش سۈپىتى بىلەن گۈزەل دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: تۇرمۇشىمىزدا چىرايلىق قاش-قارا قاش، چىرايلىق كۆز-قارا كۆز، چىرايلىق چاچ –قارا چاچ دەپ سۈپەتلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى بىر قاتار سەۋەپلەردىن بولسا كېرەك، قارا قەدىمكى ئوغۇزلارغا نىسبەتەن يۈكسەك ئورۇندىكى مۇبارەك رەڭ ھېساپلانغان. 10-ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب سايياھى ئىبنى پەزلان ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە ئوغۇزلار ھەققىدە توختالغاندا: «يەر-يەرلەردە ئۇلارنىڭ قارا ئۆيلىرى ئۇچرايتتى»[10] دېسە، يەنە بىر سەيياھ ئەبۇ دۇلەف «رىسالە»ناملىق ئەسىرىدە توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇلارنىڭ بايرىقى قارا بولىدىكەن»[11]دەيدۇ.

بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۇنيا قارىشىدا تۆت پەسىل ۋە تۆت تەرەپ تۆت خىل رەڭ بىلەن قىياسلاپ قارالغان. مەسىلەن، شەرق-يېشىل، غەرب-ئاق، جەنۇپ-قىزىل، شىمال-قارا. «شىمالنىڭ قارا رەڭدە تەسەۋۋۇر قىلىنىشى تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس، ئەپسانىگە ئاساسلانغاندا نوھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىغا زېمىن بۆلۈپ بەرگەندە، ياپەسنى شىمالغا ئەۋەتكەن».[12] تارىخى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بارلىق تۈرك قەۋملىرى ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئەنە شۇ شىمالغا ئەۋەتىلگەن ياپەسنىڭ ئوغلى تۈرككە باغلاپ قارايدۇ. ھازىرقى زامان تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندىمۇ، ھازىرقى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ شىمالدا ياشىغانلىقى مەلۇم.

**ئۇيغۇر ( تۈرك ) تىلىنىڭ ئىپادىلەش قۇۋۋىتى :**

«قارا دېڭىز» دىكى قارا سۆزى ئەسلىدە « چوڭ، بۈيۈك، زور، چەكسىز، سەلتەنەتلىك» دېگەن مەنىلەردە كۆپرەك قوللىنىلغان . رەڭ مەنىسى ئانچە كۆپ ئىشلىتىلمىگەن . ئۇنىڭدىن باشقا رۇسىيە بىلەن قىرىمنى ئايرىپ تۇرىدىغان «ئازوۋ» دېڭىزى دېگەن ئىسىممۇ ئۇيغۇرچە «ئاز» دېگەن سۆزدىن كەلگەن.

دېمەك «ئازوۋ دېڭىز» دېمەك «سۇيى ئاز ، كۆلىمى كىچىك دېڭىز» دېگەن مەنىدە بولسا، «قارا دېڭىز» دېمەك «چوڭ ۋە بۈيۈك دېڭىز» دېمەكتۇر . ئەمما رۇسلار «ئاز دېڭىز» نى شۇ پېتى قوبۇل قىلىپ «ئاوزۋ دېڭىزى» دەپ ئاتىۋالغان. «قارا دېڭىز»نى تەرجىمە قىلغاندا، قارا رەڭ مەنىسىنىدە چۈشىنىۋېلىپ، ئۇنى خۇددى «قىزىل دېڭىز» دېگەندەك «قارا دېڭىز» دەپ ئاتىغان . شۇنداق قىلىپ، ئېنگىلىزچىگىمۇ شۇ قارا رەڭ مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنغان . ئەمما « قارا » نى نوقۇل رەڭ مەنىسىدە چۈشىنىپ «قاراخان»، «قاراخانىلار» ئاتالغۇسىنى ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. «قارا» قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا «ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك، ھەشەمەتلىك، شانۇ - شەۋكەتلىك، قۇتلۇق، كۈچتۈڭگۈر، باھادىر، يېڭىلمەس، قۇدرەتلىك» دېگەندەك مەنىلەردە بولۇپ، تۆت ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى سەلتەنەتلىك خاقانلىقىمىز «قاراخانىلار قاغانلىقى» دەپ ئاتالسا، دۆلەت ھۆكۈمدارى «قاراخان» دەپ ئاتالغان . قىتان خانلىقى 1027 - يىلى مەھمۇد غەزنەۋىگە يوللىغان مەكتۇپىدا بىر گۈزەل مەلىكىسىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى چاغرى تېكىنگە ياتلىق قىلغانلىقى»نى ئالاھىدە تەكىتلەپ، قاراخاننى «ئۇيغۇر قاغان» دەپ ئېنىق يازغان. نەسەپكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان قىتانلارنىڭ بۇ تونۇشى تاسادىپىيلىق ئەمەس. ئۇندىن باشقا تارىختا ئۆتكەن باتۇرلارمۇ «قارا» نامى بىلەن سۈپەتلەنگەن. «قارا بۇقا» دېگەن يۇرت ھازىرمۇ بۆرتالادا بار. موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن « قارا »

سۆزى ، «تۆمۇ» سۆزىگە ئورۇن بوشاتقان . باتۇرلار «تۆمۈر» نامى بىلەن مەدھىيىلەنگەن. «تۆمۈرچىن، تۆمۈر بۇقا، تۇغلۇق تۆمۈرخان، ئەمىر تۆمۈر، تۆمۈر تاش» قاتارلىقلارغا ئوخشاش، ئافغانىستاندا «تۆمۈر قاپقا» دېگەن نام ھازىرمۇ ساقلانماقتا.

ئۇيغۇرلار چۇشكۇنلەشكەندىن كېيىن، مىللەتنىڭ ئاجىزلىششىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلىمىزمۇ زەئىپلىشىپ، مەنىسى تارىيىپ، ھەتتا بۇلغىنىپ كەتتى. بۇرۇن «تېگىش قىلىش» مەلۇم جايغا ئەسكەر تارتىش مەنىسىدە بولغان بولسا ، ھازىر «ئەرگە تېگىش» ھالىغا كەلدى . «قارا» ئىلگىرى « يۇكسەك مەنىۋي مەدەنىيەت ۋە ئۈستۈن ماددىي كۈچنىڭ سىمۋولى بولغان بولسا، ھازىر «خەتەرنىڭ، قۇللۇقنىڭ، ساۋاتسىزلىقنىڭ، ھاقارەتنىڭ ۋە ئاسارەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى». «قارا قورساق ،قارا تۈرك ، قارا تىزىملىك، قارا يۈز، قارا دەرۋازا، قارا چېرىك، قارا مىلتىق، قارا خىتاي» دېگەندەك. خوجىلار دەرۋىدىن كېيىن، بىزدىكى ئەڭ يۇكسەك مەرتىۋە نامى « خان »، ئەينى ۋاقىتتا «ئەڭ ئاجىز مەزلۇم» دەپ قارىلىدىغان «خانىم - قىزلار» نىڭ نامىغا ئايلانغان بولسا، «غوجا» ئاتالغۇسى «بەگ ، شاھ ، ھۆكۈمدار» مەنىسىدە «خان» نىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. زورۇۋٓتاۋٓنىڭ ئىستېلاسىدىن كېيىن، تىلىمىزنىڭ ساپلىقى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ ۋە بۇلغىنىپ، يېمەك-ئىچمەك، نەرسە - كېرەكلەر خىتايچە ئاتىلىشقا باشلىغان بولسا، ئاخىرقى يۈز يىلدا سىياسەت، قانۇن، سانائەت، ئىقتىساد، ھەتتا ئادەتتىكى نەرسىلەرمۇ خىتايچە ئاتىلىشقا باشلاپ، ئەسلىدىنلا جان تالىشىۋاتقان ئۇيغۇر تىلى تۇپتىن يوقىلىش تەقدىرىگە دۈچ كەلدى. ئەمما بۇ يۈز يىلدا تىلىمىزنى قانلىرى بىلەن سۇغۇرۇپ، قۇرۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان قەھرىمانلار ئۈزۈلۈپ قالمىدى. نۆۋەتتە بىز قانلىرىمىز ئارقىلىق چاۋٓقاپ كەتكەن خەلقىمىزنى قۇتقۇزۇش دەرىجىسىگە كەلدۇق، شۇنداقلا تىلىمىزنى قوغداش چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرچىغا ئايلاندى.

ئۇنداقتا، ئوغۇزخاننىڭ دادىسى قاراخاننىڭ ئىسمى نېمە سەۋەپتىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى قۇدرەتلىك بىر سۇلالىنىڭ ئىسمى ۋە خاقانلىرىنىڭ پەخرىي نامى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالدى؟

ۋىنگىرىيىلىك مەشھۇر شەرقشۇناس ئالىم ھىرمان ۋامبېرى ئۆزىنىڭ «بۇخارا ياكى ماۋارەئۇننەھر تارىخ» ناملىق بۇيۇك ئەسىرىدە، «تۈرك خەلقىنىڭ قەدىمدىن قالغان بىر ئادىتى بار، ئەگەر ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرەرسى مەملىكەتنى ياخشى ئىدارە قىلسا ياكى مەملىكەتتە يېڭى بىر ئۇسۇل ۋە تەرتىپنى يولغا قويۇپ ئۆزىگە خاس خىزمەت كۆرسەتسە، ئۇنىڭ نامىنى مەڭگۈ ئەسلەشكە تىرىشىدۇ»[13] دەيدۇ. بۇ سۆز بىزنىڭ يۇقىرىقى سوئالغا جاۋاپ تېپىشىمىزدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغۇچىلار ئوغۇزخاننىڭ دادىسى قاراخاننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدۇر. قاراخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى ئوغۇزخان سەلتەنەت باشقۇرۇش جەريانىدا «يېڭى بىر ئۇسۇل ۋە تەرتىپ يولغا قويۇپ، ئۆزىگە خاس خىزمەت» كۆرسەتكەن. شۇۋٓا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تارىختىكى ئۆچمەس خىزمەتلىرىنى داۋاملىق ياد ئېتىپ تۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ، ئەجدادلىرىنىڭ ئەنە شۇ پارلاق خاتىرىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئۆز سۇلالىسىنىڭ نامىنى قاراخانىيلار دەپ ئاتىغان ھەمدە قاراخان دېگەن بۇ سۆزنى ھەرۋاقىت يادلاپ، ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزلىرىگە پەخرىي خانلىق نام قىلىۋالغان.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە «قارا» دېگەن سۆز ھەققىدە توختىلىپ: «قاراخاقانىيە خانلىرى ‹قارا› دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ‹بۇغرا قارا خاقان› دېگەندەك»[14] دەيدۇ. يەنە بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە «قارا» دېگەن سۆز «پۈتۈن»، «بارلىق» دېگەندەك مەنالارغىمۇ ئىگە

قارا رەڭنى ئۇلۇغلاش ئەدىبىيسى قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلغان. 15-ئەسىردىكى بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «سەبئەئى سەييارە» (يەتتە سەييارە) داستانىدا:

قارا رەڭ ئېلگە تاجۇ تەرەكتۇر،
كىم قارا رەڭ ئىچرەدۇر مۇبارەكدۇر.

يەنى قارا رەڭ ئەلنىڭ بېشىغا تاج ھەم تىرەكتۇر، كىم قارا رەڭ ئىچىدە بولسا مۇبارەكتۇر، دېگەن مىسرالارنىڭ بارلىقى مەلۇم. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ شان-شەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قارا چۈشەنچىسى كېيىنكى چاغلاردا تامامەن باشقا مەنالارنى ئىپادىلەپ كەلگەن بولسىمۇ، نەۋائىيغا ئوخشاش ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قەدىر قىممىتىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن يەنىلا ئەسلى خاسىيىتى بىلەن ياد ئېتىلىپ تۇرۇلغان.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «زەپەرنامە» ۋە «تۆت ئۇلۇس تارىخى»دىكى ئوغۇزخانغا ئائىت مەلۇماتلار قويۇق ئىسلام دىنى روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان. بۇنىڭدا پۈتۈنلەي ئاپتورلارنىڭ دىنى ئېتىقادى چقىش قىلىنغان بولۇپ، ئۇ تارىخى چىنلىقىقا زادى ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئوغۇزخانغا دائىر ۋەقەلەر ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن خېلىلا بۇرۇنقى دەۋىرلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

بەزى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات :

1. زەپەرنامە ۋە مەۋلانە شەرەپىدىن ئەلى :
داڭلىق تارىخ كىتابى « زەپەنامە » ئەسلىدە 1419 - 1425 - يىللىرى ئارىسىدا شەرەپىددىن يەزدى مەۋلانە يازغان ئەمىر تۆمۈر ھاياتىغا ئائىت ئەسەر ئىدى. «زەپەرنامە» ئۇيغۇرلار ئارىسىغىمۇ تارقالغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىمۇ نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلغان ئىدى.

شەرەپىددىن ئەلى يەزدى تىمۇر دەۋرىدىكى داڭلىق كۆپ ئىقتىدارلىق، تارىخچى ۋە پەيلاسوپ ئىدى. ئۇ ئىران يەزىدتىكى تافت يېزىسىدا (ھازىرقى ئىران زېمىنىدا) تۇغۇلغان. مىلادىيە 1415-يىلدىن 1419-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇ پارس ئۆلكىسىنىڭ ھۆكۈمدارى تۆمۈرزادە ئىبراھىم سۇلتاننىڭ يېنىدا ئىشلىگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ دادىسى، خۇراسان ھۆكۈمرانى شاھرۇھ ئىبنى ئەمىر تۆمۈرنىڭ دىققىتىنى تارتقان. مىلادىيە 1442-يىلدىن 1446-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇ شاھرۇھنىڭ نەۋرىسى سۇلتان مۇھەممەد ئۈچۈن ئىشلىگەن. شاھرۇھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ ، قالغان ئۆمرىنى مىلادىيە 1454-يىلى ۋاپات بولغۇچە بارلىق كىشىلەردىن ئايرىلىپ خىلۋەتتە ئۆتكۈزگەن. بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا 1430 - يىلدىن بېرى ھەمراھ بولۇۋاتقان سۇلتان يۈنۈسخانلا ھەمراھ بولغان. بۇ خىل ئەۋزەللىك كېيىنچە يۈنۈسخاننىڭ ئۇلۇغبەگدىن كېيىنكى ھەم قەلەمدە، ھەم ئەلەمدە كامالەتكە يەتكەن پادىشاھقا ئايلىنىشى ئۈچۈن ئاساس بولغان.

مىلادىيە 1419-يىلدىن 1425-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، مەۋلانا شەرىپىدىن ئەلى يەزدى «زەفەرنامە» ناملىق كىتابىنى نىزامىددىن ئابدۇل ۋەسى شامى خاتىرىلىگەن تارىخى ۋەقەلەر ۋە شۇ تارىخىي دەۋردە يېزىلغان باشقا تارىخى خاتىرىلەر ۋە ئىشتىراكچىلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەر تىلغا ئالغان ئىشلار ئاساسىدا يازغان. «زەپەرنامە» ناملىق كىتاب ئوتتۇرا ئەسىردە يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم تارىخ كىتابى ۋە خاتىرىلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. ئاپتور «زەپەرنامە » ناملىق كىتابىدا جاھانگىر ئەمىر تۆمۈرنىڭ ھاياتى

(1336 - 1405) ھەققىدە سۆزلىگەن. ئۇندىن سىرت ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە بۇ مۇھىم تارىخىي باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتقا ئائىت كەڭ ئۇچۇرلار توپلانغان. «زەپەرنامە» ناملىق كىتاب مىلادىيە 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ۋە مىلادىيە 15-ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە ئافغانىستاننىڭ تارىخى ھەققىدە سۆزلەيدىغان ئاساسلىق مەنبەلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ .

«زەپەرنامە» ناملىق كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالتۇن خانلارنىڭ (ھۆكۈمرانلارنىڭ) تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن كەلگەن ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى ۋە ئەمىر تۆمۈردىن بۇرۇن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان تۈركلەرنىڭ (قاراخانىلار، غەزنەۋىلەر، خارەزمشاھلار ۋە سالجۇقىلار ) تارىخى تىلغا ئېلىنغان.

مەۋلانا ھەققىدە ئەلىشىر نەۋائىي مۇنداق دەيدۇ: «مەۋلانا شەرىپىددىن ئەلى يەزدىدە مۇكەممەل ئىنسان ۋە بىر ئالىمدا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئالاھىدە پەزىلەتلەر يېتەرلىك بار ئىدى.»

2 . يۇنۇسخان:

سۇلتان يۇنۇسخان ئۇۋەيسخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، 1415 - يىلى تۇغۇلغان. 1428 - يىلى دادىسى ۋاپات بولغاندا، ئىنىسى ئېسەن بۇقا يۇنۇسخاننى قوغلاپ چىقىرىپ سۇلتان بولغان. يۇنۇسخان ھەم سەئىدخان، ھەم بابۇر شاھنىڭ بوۋىسىدۇر. چۈنكى سەئىدخاننىڭ ئاتىسى سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن قىزى قۇتلۇقنىگار خېنىم ئوخشاشلا يۇنۇسخاننىڭ ئۆز باللىرى ئىدى.

11 ياشلىق ئۆكىسى تەرىپىدىن قوغلانغان 13 ياشلىق يۇنۇسخان دادىسىنىڭ سادىق ئەمىر لەشكەرلىرىدىن ئىرازان بايرىن ۋە مىرەك تۈركمەنلەرنىڭ ھىمايىسىدە 30 مىڭ ئائىلە بىلەن سەمەرقەندكە يولغا چىققان. ئەمما ئەمىر تۆمۈر نەۋرىسى ياش مۇھەممەد تاراغاي مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇلاردىن 30 مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغانلارنى يۇنۇسخان بىلەن قوشۇپ غەنىمەت سۈپىتىدە ئاتىسى شاھرۇخ مىرزىغا ئەۋەتكەن.

ئەمىر تۆمۈر ئوغلى شاھرۇخ مىرزا ئوغلى مىرزا ئۇلۇغبەگنى قاتتىق ئەيىپلەپ ، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادى يۇنۇسخاننى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئەللامىسى مەۋلانە شەرەپىدىن ئەلى ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەن. يۇنۇسخان 1452 - يىلغىچە ساق 22 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ ، ئۇستازى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىراققا بېرىپ داۋاملىق بىلىم ئالغان. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا سەمەرقەندنى قولغا ئالغان ئەبۇ سەئىد مىرزا تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىگە سۇلتان قىلىنغان. بۇسەيت سۇلتان بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆكىسى، موغۇلىستان ھۆكۈمدارى ئېسان بۇقا خاندىن مۇداپىئە كۆرگەن . ئۆكىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، يۇنۇسخان ۋەتىنىمىزنىڭ يەككە ھۆكۈمدارىغا ئايلانغان بولسا، بۇسەيت سۇلتاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلىنى كۈيئوغۇل قىلغان يۇنۇسخان ھازىرقى ئۆزبېكىستانغىمۇ سۇلتان بولغان. شۇنداق قىلىپ، 1462 - يىلدىن باشلاپ ئۇلۇغ بوۋىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ، 1472 - يىلدىن باشلاپ ئەبۇ سەئىدخاننىڭ تەۋەسىگىمۇ سۇلتان بولغان شەرقىي چاغاتاي خاقانى يۇنۇسخان ئارىدىن 25 يىل ئۆتكەندىن كېيىن تاشكەنت شەھرىدە 1487 - يىلى 8 - ئىيۇن ۋاپات بولغان. مەرھۇم يۇنۇسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن يۇۋاشراق چوڭ ئوغلى مەھمۇدخان تاشكەنتتە چوڭ پادىشاھ، يولۋاس سۈپەت كىچىك ئوغلى سۇلتان ئەھمەدخان تۇرپاندا نائىپخان بولغان.

يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر شاھ 1483 - يىلى 14 - فېۋرال ئەنجاندا تۇغۇلۇپ ، 1526 - يىلى موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ ، 1530 - يىلى 26 - دېكابىر ئەگرەدە ۋاپات بولغان. يۇنۇسخاننىڭ يەنە بىر نەۋرىسى سۇلتان سەئىدخان بولۇپ، ئۇ يۇنۇسخاننىڭ ئامراق ۋە ئارزۇلۇق قەھرىمان ئوغلى سۇلتان

ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇمۇ 1514 - يىلى 24 - ئاۋغۇست تارىم ۋادىسىنى بېسىپ ياتقان مىرزا ئابابەكرىنى يوقىتىپ، پامىردىن كەشمىرگىچە، ئالتايدىن تىبەتكىچە، ئالماتادىن دەشتىئاتاغىچە بولغان بىپايان زېمىنلاردا سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇپ، 1533 - يىلى 9 - ئىيۇل ھازىرقى لاداقتىكى «دۆلەت بەگ ئۆلدى» دېگەن يەردە قازا قىلغان. مېيتى قايتۇرۇپ كېلىنىپ، يەكەنگە دەپنە قىلىنغان.

تارىخشۇناسلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىچە «سۇلتان يۈنۇسخان 22 يىل داۋامىدا مەۋلانا يەزدىنىڭ ھۇزۇرىدا ئوقۇپ، تەڭدىشى يوق ئالىم بولغان بولۇپ، مىرزا ئۇلۇغ بەگدىن كېيىن سۇلتان يۈنۇسخاندەك ھەم ئىلىمدە ھەم سەلتەنەتتە كامالەتكە يەتكەن ئالىم پادىشاھ ئۆتمىگەن ئىكەن.»

3 . تۆت ئۇلۇس تارىخى :

مەزكۇر تارىخي ئەسەر مىرزا ئۇلۇغبەگ (1394-1449) ئۆزى بىۋاستە باشچىلىق قىلىپ يۈتتۈرۈپ چىقىلغان ئەسەر بولۇپ ، 1425 - يىلى يۈتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر ئارقىلىق مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆپلىگەن پەن ساھەلىرى، جۇملىدىن، ماتېماتىكا، پەلەكيات، مۇزىكا شۇناسلىق ۋە تارىخ ئىلىملىرى بويىچە زەبەردەست ئالىم، ئۇ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك ھىماتچىسى بۇلۇش سۈپىتى بىلەن تارىخ بىتىدە ئەبەدىل-ئەبەت ساقلىنىپ قالدى. ئەپسۇس ، مەزكۇر ئەسەرنىڭ قوليازما نۇسخىسى تېخىچە تېپىلمىدى. شۇڭا ئوخشاش ۋاقىتتا يېزىلغان «زەپەرنامە» مەزكۇر ئەسەرنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇندىن سىرت بۇ ئىككى ئەسەر ئارىسىدا بەزى پەرقلەرمۇ بار.

تۆت ئۇلۇس تارىخىنىڭ 4 - بابىدا ، چىڭگىزخان زامانىدىن تاكى ئەمىرتۆمۈر زامانىغىچە موڭغۇلىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 21 ھۆكۈمداردىن 17 سىنىڭ تارىخى قىسقىچە بايان قىلىنغان. تارىخچى راشىد دىن پەزلۇللا( 1247-1318) ئۇلاردىن پەقەت بەشىنىڭ (ئوكتاي، چاغاتاي، كۈيۈكخان، مەنسۇرخان، قۇ بلاي خاقان)نىڭ نامىنى، «مۇقەددىمەئىي زەپەرنامە»نىڭ مۇئەللىپى شەرەپىددىن ئەلى يەزدى (ھىجرىيە 858-يىلى، مىلادى 1454–يىلى ۋاپات بولغان) ئۇلاردىن پەقەت 14 نىڭ نامىنى يازغان، خالاس. («مۇقەددىمەئىي زەپەرنامە»، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئېنىستىتوتى كۇتۇپخانىسى قوليازمىلار بۆلۈمى، 1-1520-نومۇر، 59-، 62-بەتلەر).

تۆت ئۇلۇس تارىخىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەلۇمات دەشتى قىپچاقتا ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى بولۇپ ، كۆپىنچە تارىخ كىتابلىرىدا دەشتى قىپچاقنىڭ ئۆزبېكخان ( 1312 - 1341 ) دەۋرىدە باشلانغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ . لېكىن «تۆت ئۇلۇس تارىخى»دا بۇ جەريان باتۇخان (ھىجرىيە 624-653 –يىللىرى، مىلادىيە 1227-1255-يىللىرى) ۋە بەركەخان(باراقخان) پادىشاھلىقى دەۋرىدە (ھىجرىيە 655-665-يىللىرى،مىلادى 1257-1267- يىللىرى) باشلانغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، باراكخاننىڭ مۇسۇلمان ئايالنى ( خارەزمشاھ مەلىكىسى ) ئىمىپ چوڭ بولغانلىقى، يەنى، مۇسۇلمان كىشى ئىكەنلىكى،بۇخارادىكى مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمى سەيفىددىن بۇخارىي (XIIئەسىر نىڭ ئىككىنچى يېرىمى، ھىجرىيە659-يىلى، مىلادى1251-يىلى) دىن تەلىم ئالغانلىقى ئېيتىلغان.

بۇ مەلۇماتلار مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ «تۆت ئۇلۇس تارىخي» ناملىق كىتابىنىڭ تاشكەنت يازغۇچى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994-يىلى نەشىر قىلىنغان ئۆزبېكچە نەشرىگە ئاساسەن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.


ئىزاھاتلار:

[1]«شەرىق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىل 3-سان 85-بەتتىكى ئىزاھات

[2]«مىراس» مەجمۇئەسى، 1991-يىل تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى(«پەرغانە تارىخى») ، 276-بەت
[3][4] يۇقىرىقى كىتاب،324-بەت
[5]مىرزا ئۇلۇغبېك «تۆرت ئۇلۇس تارىخى» 1994 –يىل تاشكەنت «چولپان» نەشرىياتى، ئۆزبېكچە نەشرى 58 –بەت
[6]«شەرىق يۇلتۇزى» ژورنىلىنىڭ 1991 –يىل، 7 –سان، 194 –بەت
[7]موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمىنىيە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 411 –بەت
[8]«ئۇيغۇر تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-قىسىم 1 –كىتاپ، 295 –بەت
[9] يۇقىرىقى كىتاب 295 -294 –بەتلەر
[10][11] «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ماتىرىيال) 1988 –يىل 5-4 –سانلار
[12] ئىبراھىم ھەققۇل «زەنجىرلەنگەن شىر قېشىدا» 1989 –يىلى تاشكەنت «يۇلتۇزچە» نەشرىياتى ئۆزبېكچە نەشرى، 39 –بەت
[13]«شەرىق يۇلتۇزى»ژۇرنىلى 1990 –يىل 6 –سان، 102 –بەت
[14]مەھمۇد كاشغەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 –توم 306 -305 -بەتلەر



# رەزىللىك ھەققىدە ھېكمەتلەر

دۇنيا بىر خەتەرلىك جاي. بۇنداق بولۇشى دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ رەزىللىكىدىن ئەمەس، بەلكى، دۇنيا ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلمايدىغان كىشىلەر سەۋەبلىكتۇر. ـ ئېينىشتىين

**"The world is a dangerous place. Not because of the people who are evil; but because of the people who don't do anything about it."**

ئاغزىغا كەلگەن يامان سۆزنى يۇتۇۋەتكەن ھېچكىم ئاشقازىنىغا زىيان سالغان ئەمەس. ـ چېرچىل

**"By swallowing evil words unsaid, no one has ever harmed his stomach."**

مەن زوراۋانلىققا قارشى تۇرىمەن. چۈنكى، زوراۋانلىق ياخشى ئىش قىلىش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققاندا، ياخشىلىق پەقەت ۋاقىتلىق بولىدۇ؛ (ئۇ كەلتۈرگەن) يامانلىق بولسا مەڭگۈ قالىدۇ. ـ گەندى

**"I object to violence because when it appears to do good, the good is only temporary; the evil it does is permanent."**

يىلان باغچىدا يامانلىق ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدۇ. ـ فروست

**"The snake stood up for evil in the Garden."**

يامانلىقنى جازالىمىغۇچى ئۇنىڭ قىلىنىشىغا بۇيرۇق بەرگۈچىدۇر. ـ ۋىنكى

**"He who does not punish evil commands it to be done."**

يامانلىقنىڭ غەلىبە قازىنىشىدا زۆرۈر بولغان بىردىنبىر ئىش ھېچ ئىش قىلمايدىغان ياخشى كىشىلەردۇر. ـ بۇرك

**"The only thing necessary for the triumph of evil is for good men to do nothing"**

رەزىللىكلەرنىڭ ئەڭ ئۇستىنى ئىچىمىزدىكى يالقۇنجاپ تۇرغان رەزىللىكلەرنى ئېتىراپ قىلىشتىن قېچىشىمىزدۇر. بۇ بىزدىكى يامانلىقنى يوشۇرىدۇ ۋە بىزنى چىرىتىدۇ. ـ لاۋرېنس

**"This is the very worst wickedness, that we refuse to acknowledge the passionate evil that is in us. This makes us secret and rotten."**

خاتالىقلارنى ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ، يامانلىقنى ئىنكار قىلىدىغان ياخشى دوست ھۆرمەتلىنىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ مەخپىي قالغان خەزىنىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بەرگۈچىدۇر. ـ ئېمىرسون

**"A good friend who points out mistakes and imperfections and rebukes evil is to be respected as if he reveals a secret of hidden treasure."**

بىردىنبىر ياخشىلىق بىلىمدۇر. شۇنىڭدەك، بىردىنبىر يامانلىق نادانلىقتۇر. ـ سوقرات

**"The only good is knowledge and the only evil is ignorance."**

يامانلىق ئۇرۇقىنى ۋەيران قىل. بولمىسا، ئۇ سېنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئۆسۈپ چىقىدۇ. ـ ئىزوپ

**"Destroy the seed of evil, or it will grow up to your ruin."**

باتىل سۆزلەر ئۆز ئالدىغىلا يامانلىق بولۇپ قالماستىن، ئۇنداق سۆزلەر روھنى يامانلىق بىلەن يۇقۇملاندۇرىدۇ. ـ سوقرات

**"False words are not only evil in themselves, but they infect the soul with evil."**

ناچار زىرائەتتىن ياخشى ئۇرۇق چىقمايدۇ.

**"Of evil grain, no good seed can come"**

ھېچ ئىش قىلماسلىق يامانلىق قىلىش دېمەكتۇر.

**"Doing nothing is doing evil"**

يامانلىق يوشۇرۇش ئارقىلىق ئوزۇقلىنىپ يېتىشىپ چىقىدۇ. – ۋىرگىل

**"Evil is nourished and grows by concealment."**

ئۈمىد يامانلىقنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. چۈنكى ئۇ ئىنسان تارتىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتنى ئۇزارتىۋېتىدۇ. – نېتزى

**"Hope is the worst of evils, for it prolongs the torment of man"**

يامانلىققا يول قويغان كىشى ئۇنى قىلغان كىشىگە ئوخشاشلا جىنايەتچىدۇر. – كىڭ

**"One who condones evils is just as guilty as the one who perpetrates it."**

بىز يامانلىق ئۈستىدىن ئۈنىڭدىن چوڭ ياخشىلىق ئارقىلىق غالىب كېلەلەيمىز. – بۇش

**"We can overcome evil with greater good."**

پەرزەنت تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلىدىغان ئىدىيە ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ پەرقى بولۇشى كېرەك. – مونتىسسۇرى

**"The first idea the child must acquire is that of the difference between good and evil."**

يامانلىقلار ياخشىلىق نامى ئاستىدا قىلىنمىغان بولسا، دۇنيادا يامانلىقلار ئاز قىلىنغان بولاتتى. –ئېبنىر ئېسچىنباخ

**"Little evil would be done in the world if evil never could be done in the name of good."**

يامانلىق دېگەن ياخشىلىقنىڭ بۇرمىلىنىشىدۇر. – لونفېلوۋ

**"Evil is only good perverted."**

تىنچلىقنىڭ يولى يامانلىققا ياخشىلىقنى، ساختىلىققا ھەقىقەتنى، ئۆچمەنلىككە مۇھەببەتنى ئۈستۈن قىلىشتۇر. – پىلگرىم

**"This is the way of peace: Overcome evil with good, falsehood with truth, and hatred with love."**

ياخشىلىق قىلالمايۋاتقىنىڭنى ھېس قىلغىنىڭدا، ئەڭ كەمىدە يامانلىق قىلىشنى توختاتقىن. – لاۋرېنس

**"When you feel you cannot do good, at least desist from doing evil."**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى




# تەڭرىتاغ بۈركۈتى

# ئابدۇنىياز كامال

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر جەڭچىسى، شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئارمىيىسىنىڭ ئاخىرقى باش قوماندانى، مىللىي قەھرىمان ئابدۇنىياز كامال 1910- يىلى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ توقسۇن ناھىيىسى شەھەر ئىچىدىكى ئاقتاش مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1914- يىلى مېھرىبان ئانىسى توختىخان قازا قىلىپ، تۆت ياشلىق ئابدۇنىياز كامال ئىككى ياشلىق سىڭلىسى ھاشىر خېنىم بىلەن يېتىم قالغاندىن كېيىن ئاتىسى كامال ئاخۇننىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى.

ئابدۇنىياز كامال يەتتە ياشقا كىرگەندە مەھەللىسىدىكى ئاقتاش مەدرىسىگە كىرىپ زاكىر موللام دېگەن كىشىدىن ئىلىم ئېلىپ ساۋاتلىق بولدى. ئابدۇنىياز كامالنىڭ ئاتىسى كامال قەرەن تېرىچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى بولۇپ، ئابدۇنىياز كىچىكىدىن باشلاپ ئاتىسىغا ياردەملىشىپ، تېرە ئاشلاش قاتارلىق ئېغىر ئىشلارنى قىلىشىپ بېرىپ، ناھايىتى كۈچتۈڭگۈر بولۇپ يېتىلدى ۋە مەھەللىسىدە «قوچقار پالۋان» دەپ نام ئالدى.

1930-يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر توقسۇندىكى سەيدۇل دېگەن دوستىنى ئىزدەپ كەلگەندە سەيدۇلنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ئابدۇنىياز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا، ئەينى دەۋردىكى بالدۇر ئويغانغان كىشىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا قەلەمدىمۇ ئەلەمدىمۇ يېتىشكەن بىر سەركە بولۇپ تونۇلغان. تۆۋەندىكى ۋەقەلىك ئۇنىڭ پالۋانلىق سۈپىتىگە يېتەرلىك بولسا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېلىپ بارغان غەلبىلىك ئۇتۇقلىرى جاللات شېڭ شىسەينى قورقۇتۇپلا قالماي، موسكۋانىمۇ بىئارام قىلغان. نەتىجىدە ستالىن خۇددى 1933 - يىلى ئالتايدىن بېسىپ كىرىپ، مىللىي ئىنقىلابنى باستۇرغاندەك، 1937 - يىلى قايتا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئاقسۇ، ئاتۇش، قەشقەر ۋە خوتەنگە ھۇجۇم قىلىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنى پۈتۈنلەي ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن. شېڭ شىسەيمۇ ماسلىشىپ، كورلىدىكى ئابدۇنىياز قوشۇنلىرىنى قىرىپ تۈگەتكەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر كۈنى ئابدۇنىياز كامالنى موڭغۇللارنىڭ يۇلتۇز (بايىنبۇلاق) دا ئۆتكۈزۈلىدىغان نادام بايرىمىنى كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار يۇلتۇزغا بارغاندىن كېيىن موڭغۇللارنىڭ ئاقساقىلى بىلەن كۆرىشىدۇ. موڭغۇللار ئۇلارنى قارشى ئالىدۇ ۋە بايرىمغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ بايرىمدا يىراق- يېقىندىن كەلگەن داڭلىق مۇڭغۇل پالۋانلىرى ئەر مەيدانىغا چۈشۈپ، بىر- بىرلىرى بىلەن ئېلىشاتتى. ئاخىرىدا كىم غالىپ كەلسە، مۇڭغۇل ئاقساقاللىرى ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن شەنىگە لايىق مۇكاپاتلايتتى.

بۇ چېلىش مۇسابىقىسىگە ئابدۇنىيازمۇ قاتنىشىدۇ. پالۋانلار ئۆز ئارا كۈچ كۆرسىتىشىپ، مەيداندا ئاخىرى موڭغۇللارنىڭ بىر قانچە قېتىم (پالۋان) لىق شەرىپىگە ئېرىشكەن داڭلىق بىر پالۋىنى بىلەن ئابدۇنىياز كامال قالىدۇ. بۇ ئىككى پالۋان مىڭلارچە موڭغۇللارنىڭ قىيقاس- چۇقانلىرى ئىچىدە مەيدانغا چۈشىدۇ. ئابدۇنىياز كامال مۇڭغۇل پالۋىنىنى يىقىتىپ نادام بايرىمىنىڭ پالۋانلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. بۇ موڭغۇللار ئارىسىدا ئاز كۆرۈلىدىغان ھادىسە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇڭغۇل ئاقساقىلى نادام بايرىمىنىڭ بۇ يىلقى پالۋىنىنىڭ ئابدۇنىياز ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، ئۇنى تەبرىكلىگەندىن كېيىن غالىپ پالۋانغا مۇكاپات ئۈچۈن ئىگەر جابدۇقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ مەخسۇس تەييارلانغان ئاق بوز ئات بىلەن تارتۇقلايدۇ. ئابدۇنىياز كامال ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بارلىق ئۇرۇشلاردا مانا مۇشۇ ئاق بوز ئېتىنى ئىشلىتىدۇ.

1931-يىلى ئەتىيازدا قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجى قوزغالغاندىن كېيىن، 1932 - يىلى تۇرپان خەلقىمۇ ھەر



گېنېرال ئابدۇنىياز كامال
(ئوتتۇرىدىكى ئېگىز بويلۇق كىشى)

جەھەتتىن قوزغىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. بىراق 1933 - يىلى باھاردا قۇمۇلدىن زەربە يەپ، ئۈرۈمچىگە قايتىۋاتقان جاللات شېڭ شىسەي تۇرپاندىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، خائىنلارنىڭ پاش قىلىشى بىلەن «تۇرپان خەلقىنى ئىنقىلاپقا قوزغىماقچى» دېگەن گۇمان بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى تۇتۇپ، قازىخانا مەسچىتى ئالدىدا شېھىت قىلىدۇ. بۇ 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بولۇپ، شېڭ شىسەي شۇ كۈنلەردە توقسۇندىكى يۇقرالاردىن تەخمىنەن 1100 ئادەمنى ئېتىپ ۋە چېپىپ، 3 - ئاينىڭ 17 -كۈنى ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتكەن. مەھمۇت مۇھىتى ئۇنى داۋانچىڭنىڭ بايانغۇ دېگەن يېرىگىچە قوغلاپ بېرىپ، ئاخىرى تۇرپانغا قايتىپ كەتكەن، ئاخىرىدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن تۇرپاندا ئۇچراشقان كۈنلەر ئىدى. بۇ ۋەقە تۇرپان خەلقىنىڭ قوزغىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجى كەلگەندىن كېيىن، تۇرپان خەلقى مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلىپ، خىتايلارنى تۇرپان - قۇمۇل تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئابدۇنىياز بۇ ئارىدىكى جەڭلەردە داۋاملىق مەھمۇد مۇھىتى بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىپ، ئۆز تالانتىنى نامايەن قىلىدۇ. 1934 - يىل بېشىدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىكتە 1500 سەرخىل قوشۇن بىلەن قەشقەرگە كېلىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ يېڭىشەھەرنى قورشاش ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ .

1934-يىلى ئاپرېلدىن 1937 - يىلى ئاپرېلغا قەدەر مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئەڭ يېقىن خادىمى سۈپىتىدە قەشقەر ۋە يەكەندە تۇرۇشلۇق تارماق قوشۇننىڭ كوماندىرى بولىدۇ.

1937-يىلى مارتتا، شېڭ شىسەي مەھمۇد مۇھىتىنى ئالداپ ئۈرۈمچىگە يىغىنغا تەكلىپ قىلىش باھانىسى بىلەن تۇتقۇن قىلماقچى بولىدۇ. بۇنى سېزىپ قالغان مەخمۇت مۇھىتى ئامالسىز قېلىپ، 4- ئاينىڭ 2 - كۈنى جۈمە ئاز بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ، 5 -ئاپرېل ئابدۇنىيازنى ئورنىغا سىجاڭ قىلىپ تەيىنلەپ، 8 -ئاپرىل ھىندىستانغا چىقىپ كېتىدۇ.

 مانا مۇشۇنداق جىددىي ۋە ئۈمىدسىز ۋەزىيەتتە ئابدۇنىياز كامال دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ شەرقى تۈركىستان ئارمىيىسىنى يەكەننىڭ كاچۇڭ دېگەن يېرىگە يىغىدۇ. يىغىلغان ئارمىيىنىڭ باشلىقلىرى كاچۇڭدا چوڭ بىر ئوفىتسېرلار يىغىنى ئاچىدۇ. بۇ يىغىندا ئەقىل، قابىلىيەت ۋە باتۇرلۇقتا كۆزگە كۆرۈنگەن ئابدۇنىياز كامالنى بارلىق ئوفىتسېر- ئەسكەرلەر بىردەك ئاۋاز بىلەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئورنىغا شەرقى تۈركىستان ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا سايلاپ چىقىدۇ.

ئابدۇنىياز كامال شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئارمىيىنى تەرتىپكە سالىدۇ.

ئۇ سەپەرۋەرلىك نۇتقىدا «بىز كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز؟» دەپ سورايدۇ. ھەممە ئەسكەرلەر بىردەك «ۋەتەن ئۈچۈن» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە: «ۋەتەن بىزنىڭ نېمىمىز؟» دەپ سورايدۇ. ئەسكەرلەر «ۋەتەن بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىز، ئاكا- ئىنىمىز، ئاچا-سىڭلىمىز» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇ «شۇنداق، ۋەتەن بىزنىڭ ھەممە نەرسىمىز. بىز ۋەتەننىڭ ئەۋلادلىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇشتا خەلقىمىزنىڭ بىر تال يىپ چاغلىق نەرسىسىگە تېگىشكە، خوتۇن- قىزلىرىغا چېقىلىشقا بولمايدۇ. كىمدە كىم خىلاپلىق قىلىدىكەن، ھەربىي قانۇن بويىچە ئېتىپ تاشلىنىدۇ» دەپ خىتاب قىلىدۇ.

بۇ ئىنتايىن قالايمىقان ۋە ئېغىر ۋەزىيەتتە ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوماندانلار نەچچە كۈن كېڭەشكەندىن كېيىن ئاخىرى ماخۇسەن بىلەن بىرلىششكە قارار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇنىياز ما خۇسەن بىلەن بىرلىشىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ما خۇسەن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىدىن ئۈچ يۈزنى ئابدۇنىيازنىڭ قوشۇنىغا قوشۇپ بېرىدۇ.

بۇ جەرياندا ئابدۇنىياز كامال رەھبەرلىكىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئارمىيىسىنىڭ سانىمۇ كۆپىيىپ 8000 مىڭدىن ئېشىپ يەتتە پولكقا كېڭىيىدۇ. ئەمما ئەسكەرلەرنىڭ قورال، ئوق- دورىلىرى كەمچىل بولۇپ، 8000 مىڭ ئەسكەرنىڭ قولىدا 1500 ئەتراپىدا قورال بار ئىدى.

شېڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش 1937 - يىلى ماينىڭ ئاخىرىدىن ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈچ ئاي داۋام قىلىدۇ. كېيىنكى بىر ئايدا بۇ قوشۇن ئاخىرقى بىر پاي ئوقى، بىر تامچە قېنى قالغىچە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ماتورلاشقان ئالاھىدە قىسمىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ.

ئۈچ ئايغا يېقىن تىركىشىش جەريانىدا تولا مەغلۇپ بولۇپ قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن شېڭ شىسەي ستالىندىن قايتا ياردەم سورايدۇ. شېڭ شىسەينىڭ ھەرقانچە قىلىپمۇ شەرقىي تۈركىستان ئارمىيىسىگە كۈچى يەتمىگەنلىكىنى بىلگەن سوۋېت نامدا شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە ئابدۇنىياز قىسىملىرىغا قارشى ئۇرۇشقا كىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەھمۇد مۇھىتىلار بۇرۇندىنلا پەرەز قىلىپ قاتتىق ئېھتىيات قىلغان ئۇرۇش رەسمىي باشلىنىدۇ. يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقى تۈركىستانغا رەسمىي ھالدا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇنىياز كامال رەھبەرلىكىدىكى ياش شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە خىتايدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

1937-يىلى 8- ئاينىڭ 5- كۈنى سوۋېتنىڭ 2000 كىشىلىك قىزىل ئارمىيىسى «ئالتايىسكى» دېگەن نامدا ئايرۇپىلان ۋە تانكىلار بىلەن شەرقى تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، شېڭ شىسەينىڭ 2000 كىشىلىك ئەسكىرى بىلەن بىرلىشىپ جەمئى 4000 كىشىلىك سوۋېت ۋە شېڭ شىسەي قىسىملىرى بىرلىكتە ئاقسۇدىكى ئابدۇنىياز قىسىملىرىغا قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋادىن ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلايدۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئابدۇنىيازنىڭ قوراللىق قوشۇنىنىڭ سانى پەقەت 1500 كىشى ئىدى. ئۇ ئۇرۇشقا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ بىرقانچە كۈن باتۇرلارچە ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئاخىرى ئابدۇنىياز قىسمىنىڭ ئوق- دورىلىرى تۈگەپ كېتىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئابدۇنىياز كامال تاكى ئۇرۇش باشلانغاندىن تارتىپ ئوقلىرى تۈگەپ ئامالسىز قالغان شۇ كۈنگىچە ئۇرۇشتا بىرەر قېتىممۇ يېڭىلمىگەن ئىدى.

بۇ قېتىم ئۇرۇشقا كىرگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى موسكۋا ئەتراپىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ماتورلاشقان تانكا قىسمى بولۇپ، ئۇلارنى ئۈلۈغچات چېگرىسىدا بۇيرۇق كۈتىۋاتقان ئىسھاقبەگ ۋە مەۋلانوف ئاتلىق پولكى باشلاپ كەلگەن.

بۇ جەرياندا ئابدۇنىياز كامال بارلىق سەپلەردە ئۇرۇش قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق خادىملىرىنى توپلىنىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، شايار، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى ئەسكەر ۋە پىدائىيلارمۇ كېلىپ جەمئىي 3500 كىشى جەم بولىدۇ. مانا بۇ كىشىلەر شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەمۇرىي خىزمەتچىلىرى، قوماندان- ئەسكەرلىرى ئىدى.

**ئاقسۇ ئاۋاتتىن چېكىنىش**

ئابدۇنىياز بىر تۈركۈم ئەسكەرلىرى بىلەن ئاقسۇ دەرياسى بويىدا، ئۈچتۇرپاندا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ھاۋادىن قوللىشىغا ئېرىشكەن شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلگەندىن كېيىن، ئاقچى

ئارقىلىق كەلپىنگە چىقىپ، ئۇ يەردىن ئاۋاتقا بېرىپ، ئۆزىنىڭ چوڭ قوشۇنىغا قوشۇلىدۇ. بۇ چاغدا شىڭ شىسەينىڭ قىسىملىرى سوۋېتنىڭ ئالتايىسكى رۇس ئەترىتىنىڭ ياردىمى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، ئابدۇنىيازنىڭ قىسىملىرىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ.

بۇ 9- ئاينىڭ 5- كۈنى بولۇپ، ئابدۇنىيازنىڭ قوماش، ئايكۆلدىكى 100 دەك ئەسكىرى قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرىدۇ. قارشى تەرەپ 2000 دەك ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم باشلاپ، ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر بۆلىكى غوروچۆل تەرەپكە، يەنە بىر بۆلىكى ئاۋاتنىڭ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. غوروچۆلدىكى مۇداپىئەگە ئابدۇنىياز ئۆزى قوماندانلىق قىلىدۇ. ئۇ ئاۋاتتا بىر كېچە-كۈندۈز ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى بۇلالماي شىتابنى ئاۋات بازىرىدىن يۆتكەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئاۋات پۈتۈنلەي قورشاۋدا قالىدۇ.

بۇ چاغدا خىتايلارغا ياردەمگە ئايروپىلانمۇ كەلمەيدۇ، ئاۋات بازىرىغا بېسىپ كىرىشكىمۇ پېتىنالمايدۇ. قوشۇن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ، شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىگە قاراپ 20 كىلومېتىردەك يول بېسىپ، بىر يېزىغا كېتىۋاتقىنىدا، شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى كۆرۈپ قېلىپ، يىراقتىن ئوق چىقىرىشقا باشلايدۇ. لېكىن ئارىلىق يىراق بولغاچقا كۆپ چىقىمغا ئۇچرىتالمايدۇ.

مەزكۇر ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى ئابدۇقادىر ھاجىم ئاقسۇ ئاۋاتتىن چېكىنىش باسقۇچىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
بىز بىر يېزىغا قېچىپ بېرىپ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ تىزىمىنى ئالساق، بىرىمۇ چىقىم بولماپتۇ. بىز بىللە ئۇرۇش قىلغان ماخۇسەننىڭ بىر تۈەن ئەسكىرى ئالدىمىزدا ئىدى. ئۇلار شۇماڭغانچە توختىماي يول يۈرۈپ، مارالبېشى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ 9- ئاينىڭ 7- كۈنى ئىدى. غوروچۆلدە ئابدۇنىياز باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر بىر كۈن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى بۇلالماي يەكەن دەرياسىنى بويلاپ، غەربكە يۈرۈپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ چېكىنىپ مارال بېشىغا بېرىشىمىزغا بۇيرۇق قىلىنىدى. بىز يۇلغۇنلۇق (ھازىرقى ساچىڭزا) غا كېلىپ، كەينىمىزدىن كېلىۋاتقان قىسىملارنى مارالبېشىغا بېرىشقا بۇيرۇپ كېتىۋەردۇق. مارالبېشىدىن خەۋەر ئالساق سوۋېتنىڭ تويۇق ئارقىلىق قازاق، قىرغىز بولۇپ، 2000 دەك ئەسكىرى مارالبېشىغا كەپتۇ ھەمدە ئۇلاردىن 500 ئاتلىق ئەسكەر بىزنى توسۇش ئۈچۈن مارالبېشىدا ساقلاپ يېتىپتۇ، قالغان 1500 ئەسكەر قەشقەر، يەكەنلەرگە يۈرۈپ كېتىپتۇ. ماخۇسەننىڭ پەيزاۋاتنى ساقلاپ ياتقان مالۇيجاڭ باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلىرى سوۋېت كونسۇلىنىڭ خىزمەت ئىشلىشى بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپ، شىڭ شىسەيگە ئۆتۈپ كىتىپتۇ ھەم يېڭىشەھەرگە بېرىپ ماخۇسەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋېتىپتۇ. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، سوۋېت ئارمىيىسى قەشقەرگە بېسىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يەكەنگە چېكىنىدۇ. يېڭىشەھەردىكى قۇربان سەئىدىنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى يېڭىشەھەردىن كونىشەھەرگە قايتىپ كىرىدۇ.

مالۇيجاڭ ماخۇسەننى قوغلاپ يەكەنگە بارىدۇ، ماخۇسەن ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي، 100 دەك ئەسكىرى بىلەن قاغىلىققا بېرىپ، ئۇ يەردىن ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ماخۇسەننىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى قېچىپ خوتەنگە يېتىپ بارغۇچە، چولاق ساي دېگەن يەردە سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشى، پىلىمۇتقا تۇتۇشى بىلەن كۆپ قىسمى قىرىلىپ تۈگەيدۇ.

### مارالبېشىدىكى ئەھۋال

بىز مارالبېشىغا توپلانغىنىمىزدا، ئابدۇنىيازنىڭ 1300 ئەسكىرىدىن 1000 ئادەم قاپتۇ. قالغانلىرى ئۆلۈپ، قېچىپ تۈگەپتۇ. بىز مارالبېشىدا رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، شاقۇردىن ئۆتۈپ، يەكەن دەرياسىنى بويلاپ، ئورمانلىق بىلەن مەكىتكە يۈرۈپ كەتتۇق. كېتىۋاتقىنىمىزدا كۈندە بىر قانچە سوۋېت

ئايرۇپىلانلىرى كىلىپ بومبا تاشلاپ، بىزنى پاراكەندە قىلىپ تۇردى.

بىز يول باشلىغۇچىدىن ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ كۆلنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. ئاندىنبىزمۇ ئۆتمەكچى بولدۇق. بىز 100 دەك ئادەم ئىدۇق، قېيىققا ھەر قېتىمدا تۆتتىن ئولتۇرۇپ بىر كۈندە ئاران ئۆتۈپ بولدۇق. شۇڭا ئابدۇنىيازنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشەلمىدۇق. ئايروپىلان بىزنى كۆپ قېتىم ئوققا تۇتتى، ئات-ئۇلاغلىرىمىز ئۆلدى، كۈندۈزى مېڭىشقا ئامالسىز قالدۇق.

كېتىۋېتىپ كىچىك ئاخۇن بىلەن بىرگە بۆلۈپ قالدىم، ئۇماڭا: «قادىر ھاجىم، بىز ئەمدى يېڭىلدۇق، ئالدىمىزنى سوۋېت ئەسكەرلىرى توسۇپ يېتىپتۇ، خوتەنگە ئۆتەلمەيمىز، شۇڭا ئىككىمىز يەكەنگە بېرىپ، روس ئەسكەرلىرىگە تەسلىم بولايلى (ئەل بولايلى)، بىزنى قارشى ئالىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن: «قورشاۋنى بۇسۇپ، خوتەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەيلى، ئۇ يەردىمۇ تۇرالمىساق، ھىندىستانغا چىقىپ كېتەرمىز. ئەگەر ھازىر ئەل بولساق، ئۇ روسلار بىر ئاز كىچىكتۇرۇپ بولسىمۇ بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دېدىم.

ئاخىرى كىچىك ئاخۇن ئۆزىنىڭ سوۋېت كونسۇلى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، ماڭا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇنىڭغا كۆنمىدىم، ئاندىن ئۇ: «مېنى كۆرمەسكە سالسىلا، مەن قېچىپ كېتەي» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قېچىپ كەتتى.

كىچىك ئاخۇن ئىلگىرىمۇ بىر قېتىم يەكەندىن قاچقاندا تۇتۇلۇپ قېلىپ، تووۋا قىلغاندىن كىيىن ئابدۇنىياز كەچۈرۈم قىلغان. مامۇت سىجاڭ ۋاقتىدا سوۋېت كونسۇلغا يازغان خېتى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، تووۋا قىلغاندىن كىيىن، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى.

كىچىك ئاخۇن يۇشۇرۇن قېچىپ شىڭ شىسەي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنە شىڭ شىسەي ئۆلتۈرىۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئابدۇنىيازنىڭ دوختۇرى مۇسا يەكەنگە قېچىپ بېرىپ، سوۋېت ئەسكەرلىرىگە تەسلىم بولدى. مەن يولدا ھەممىنىڭ ئارقىسىدا قالدىم. مىڭ تەستە ئىككى كۈندىن كېيىن پوسكام دېگەن يېزىدا ئابدۇنىيازغا يېتىشۋالدىم. ئابدۇنىياز كىچىك ئاخۇن، مۇسا دوختۇر قاتارلىق بىر قانچە ئەمەلدارنى سۈرۈشتە قىلدى. ئۇلارنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ خېلى غەزەپلەندى. ئاندىن بىزگە: «ئادەملەر مۇشۇنداق ۋاقىتتا سىنىلىدۇ. شۇڭا ئۇنداق ئادەملەرنىڭ بىزدىن بۇرۇنراق كەتكىنى تۈزۈك. گەپ ئەمدى ئالدىمىزدا، باغ جىگدىگە ئورۇسلارنىڭ 1000 دەك ئەسكىرى توپلىنىپتۇ. ئۇ يەرگە ئۇيغۇر، تۇڭگان بۆلۈپ 1000 دەك ئەسكەر ئەۋەتتۇق، ئۇلار ئوق چىقارسا بۇلارمۇ ئوق چىقىرىدۇ. بولمىسا، ئاستا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز بۈگۈن شامدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يولغا چىقىپ، كېچىلەپ ئۆتۈپ كېتىمىز، ئەگەر ئۇلار توسۇپ ئۇرۇشسا، بىزمۇ ئۇرۇشىمىز. ئەگەر بۇسۇپ ئۆتۈپ كېتەلىسەك، قاغىلىققا چىقىپ كېتىمىز، ئۇ يەردە ئورۇسلارغا ئەل بولغان تۇڭگان قوشۇن بار. ئۇ يەردىنمۇ ئۆتۈپ كېتەلىسەك ئاندىن خوتەنگە يېتىپ بارالىشىمىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا خوتەندىكى تۇڭگان قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ، خوتەننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىمىز. ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ بولمىسا، قاراڭغۇ تاغقا چىكىنىپ چىقىپ، شۇ يەرنى بازا قىلىپ ئۇرۇشىمىز. مۇبادا ئۇمۇ ئەپلەشمىسە، ھىندىستانغا چىقىپ كېتەرمىز» دېدى. مەن ئابدۇنىيازنىڭ پىكرىگە قارىتا: «بۇ قارارلىرى ياخشى بوپتۇ. لېكىن ئۇ روس ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىش قىيىن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قولىدا زەمبىرەك، پىلمۇت قاتارلىق خىل قوراللار بار. بىزدە بولسا، ئۇنداق قوراللار يوق، ھەتتا ئوقلىرىمىزمۇ يەرلىك ئوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەسكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. شۇڭا بىز مۇشۇ يەردىكى 100 دەك ئەسكەر بىلەن تەكلىماكان ئارقىلىق گۇمىغا بېرىپ، سانجۇ ئارقىلىق ھىندىستانغا چىقىپ كەتسەك، قالدى 200 چە ئەسكەرنى باغ جىگدىدىكى قىسىملارغا ياردەمگە ئەۋەتسەك، ئۇلار مۇشۇ يەردە ئۇرۇشۇپ يېڭىلىپ قالسا،

تارقاپ كەتمەمدۇ؟» دېدىم.

ئابدۇنىياز: «بۇ پىكرىڭىز توغرا ئەمەس، بىز يەكەندىن چىقىپ قەشقەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىن ئاقسۇ ئاۋات، ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا غەلىبىلىك جەڭ قىلدۇق. ئەمدىلىكتە ئورۇسلار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، بىز مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەندە، ئەسكەرلەرنى تاشلىۋېتىپ، نېمە بولساڭ بول دەپ، ئۆزىمىزنىڭ جېنىنى ئېلىپ چەتكە چىقىپ كەتسەك بىزگە سەت ئەمەسمۇ؟! ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. نېمە بولساق، ئەسكەرلەر بىلەن بىللە بولىمىز. ئۆرۈشۈپ، شۇلار بىلەن بىرگە قۇربان بولىمىز. مامۇت سىجاڭ چەتكە چىقىپ كىتىپ نېمە نەتىجىگە ئېرىشتى؟ بىر لېگەن پولونى يەپ بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. بىرەر پارچە خېتىمۇ يوق. بىزمۇ چىقساق، شۇنداق بولۇرمىز. چەتنىڭ ياردەم بېرىشىمۇ تايىنلىق. بۇنداق پىكىردىن قايتىسلا» دېدى (ئەسلىدە ئابدۇنىياز بىزنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ھېچ بولمىغاندا، ھىندىستانغا چىقىپ كىتەرمىز دەپ قويغانىكەن)، ئۇنىڭ ئەسكەرلەرنى تاشلاپ چىقىپ كىتىش نىيىتى زادى يوق ئىدى. بىز ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېسىلىپ قالدۇق.

ئابدۇنىياز ئەسكەرلەرنى تەييار بۇلۇشقا بۇيرۇدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا **300** چە ئەسكەر قالغانىدى. **9**- ئاينىڭ **15**- كۈنى ناماز شام بىلەن باغ جىگدىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئابدۇنىياز ئەسكەرلەرنى تارقاپ كەتمىسۇن دەپ، پات-پات ئاتلىق قىسمىنىڭ ئالدى- ئارقىسىغا ئۆتۈپ تەكشۈرۈپ تۇردى. تاڭ ئاتقاندا، بىر چوڭ ئۆستەڭگە دۈچ كەلدۇق. ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىز ئىدارە كادىرلىرى توسۇلۇپ قالدۇق. شۇ ئارلىقتا ئېتىم كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەي ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ئاتنى سۇدىن چىقىرىپ نەرسە-كېرەكلىرىمنى باشقىدىن جايلاپ بولغۇچە، قىسىم ئۇزاپ كېتىپ قالدى. مەن ئەمدى يولنى تەكلىماكانغا سالاي دەپ تۇرسام، ئابدۇنىياز، باش كاتىپ مەھەممەت ئىمىن مەخسۇم بىلەن ئوسمان ئەپەندىنى مېنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. مەن ئۇلارغا: «ئەمدى ئۇرۇشۇشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى. بۇ ھەقتە ئابدۇنىياز سىجاڭغا پىكىر بەرسەم قوبۇل قىلمىدى، شۇڭا بىز ئۈچىمىز مۇشۇ يەردىنلا گۇمىغا چىقىپ، ئۇ يەردىن ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتسەك» دېدىم. ئۇلار ماڭا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىر ئادەمگە يول باشلىتىپ، قۇملۇقتا بىر كۈن يول يۈرۈپ مازار قۇم دىگەن يەرگە يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردە ئون ئۆيلۈكتەك ئاھالە بار ئىكەن. ئۇلار بىزنى كۈتىۋالدى. بىز ئۇ يەردىن ئۈچ كۈنلۈك ئوزۇق سېتىۋېلىپ، بىر ئادەمنى يول باشلاشقا **100** سەرگە يالالاپ يولغا چىقتۇق. ئۇ يەردىن قاغىلىق تەۋەسىدىكى چەچ قۇم، قار باستىم، ئىسمىسالا، ئۇششاقباش ئارقىلىق تاغ ئىچىگە كىرىپ، لاداقتا بارىدىغان يول بىلەن قارا قۇرۇم داۋىنىدىن ئېشىپ، ھىندىستانغا چىقىپ كەتتۇق.

## قوماندان ئابدۇنىيازنىڭ ئاقىۋىتى

ئابدۇنىياز يەكەندە روس ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتەلمەي، **50**- **60** ئەسكەر بىلەن يېڭىسارغا چېكىنگەندە، يېڭىشەھەردىن ئىككى ماشىنا ئەسكەر چىقىپ، سارايىنى قورشىۋېلىپ ئۇرۇشىدۇ. ئىككى- ئۈچ سائەت ئۇرۇشقاندىن كېيىن ئوق چىقىش توختايدۇ. كىرىپ قارىسا ئابدۇنىيازنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆلۈپ تۈگىگەن ئابدۇنىياز بولسا يارىدارلىنىپ ياتقان. يېڭىشەھەردىن چىققان ئەسكەرلەر ئۇنى ماشىنىغا سېلىپ، يېڭىشەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، داۋالاپ ساقايتقاندىن كېيىن، ئۇنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. (بۇ، ياپچانلىق كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بەرگەن مەلۇماتى.)

يەنە بىر بايانغا قارىغاندا، باغ جىگدىدە بولغان ئۇرۇشتا بۆسۈپ ئۆتۈپ قاغىلىققا قاراپ ماڭغاندا، پوسكام بىلەن قاغىلىق ئارىلىقىدا شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇنىيازنىڭ ئۇرۇشىمۇ ئاياغلىشىدۇ.

يەنە بەزى تارىخىي مەنبەلەردە قوماندان ئابدۇنىياز كامال سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىدا ئوق-دورىلىرى تۈگەپ چارىسىز قالغاندىن كېيىن، بارلىق ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، تولىمۇ تەسىرلىك بىر «ۋىدالىشىش نۇتقى» سۆزلىگەن. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇنىياز كامالنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ قاتتىق يىغا زارە قىلىشىپ ئەتراپنى بىر ئالغان. بەزى ئەسكەرلەر بۇنداق جاننى كۆتۈرۈپ ياشىغۇچە ئۆلۈپلا تۈگەشكىنىم ياخشى دەپ، «ئۆلسەم ئابدۇنىياز قوماندان بىلەن بىرگە ئۆلىمەن» دەپ قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان 300 ئەتراپىدا پىدائىي ئەسكىرىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغان بارلىق ئەسكەر ۋە مەمۇرىي خىزمەتتىكىلەرنى تارقىلىپ كېتىشكە بۇيرۇغان.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئابدۇنىياز ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى سوۋېت رازۋېتكا ئايروپىلانلىرى بايقىۋېلىپ، يۈسۈپ لىيەنجاڭغا ئۇنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرىغان. ئۇ ئاتلىق لىيەنى بىلەن يولغا چىقىپ كوسراپتىكى بىر جىرا ئىچىدە چۈشكۈن قىلغان ئابدۇنىياز كامالنى قورشاۋغا ئالغان. ئابدۇنىياز كامالنىڭ ھەمراھلىرى ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولغاندا ئابدۇنىياز ئۇلارنى توسۇپ، يۈسۈپ لىيەنجاڭغا: «ئەمدى ئۆزئارا قان تۆكۈشمەيلى، ھېلىمۇ بىزدىن نۇرغۇن قانلار بىھۇدە ئاقتى، ئەگەر سىز بىزگە قوشۇلسىڭىز، بۇ ئەزىز ۋەتىنىمىز ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلايلى، خالىغان ئەسكىرىڭىز بىز بىلەن بىللە ماڭسۇن» دېگەندە يۈسۈپ لىيەنجاڭ: «مەن بۇيرۇق بويىچە چىقتىم، مەن سىلەرنى تۇتۇپ يەكەنگە قايتىمەن» دېگەن.

قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ئابدۇنىياز كامال ھەسرەت چېكىپ «توغرا، بۇيرۇق بويىچە چىقتىڭىز، سىز بۈگۈن بۇيرۇق بويىچە مېنى تۇتۇپ بېرىسىز، ئەتە باشقا بىرسى بۇيرۇق بويىچە سىزنى تۇتۇپ بېرىدۇ، بىز قاچانغىچە بىر- بىرىمىزنى تۇتۇپ بېرەرمىز! ھەي بىزنى خاراب قىلغان پەيلىمىز، مانا ئېلىڭ» دەپ قورالىنى يۈسۈپ .لىيەنجاڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇلار يەكەنگە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، بىر ئايروپىلان ئۇلارنى ئېلىپ كەتكەن تارىخچى شىرىپ خۇشتار ئەپەندى، ئابدۇنىيازنىڭ مەسلىھەتچىسى ئابدۇقادىر ھاجى، شۇنداقلا سۇپاخۇن سوۋۇرۇپىنىڭ ئەسلىمىلىرىدە «ئابدۇنىياز كامالنى قۇربان سەئىدىنىڭ قول ئاستىدىكى يۈسۈپ لىيەنجاڭ قورشاپ تۇتىۋېلىپ شىڭ شىسەيگە ئەۋەتىپ بەرگەن» دېيىلگەن.


تېخىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان يەنە بىر مەلۇماتتا مۇنداق دېيىلگەن:
ئۆلۈم - يېتىمنى ئازايتىش ئۈچۈن بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئامالسىز تارقىتىۋېتىپ، ئۆزى ئازغىنا سەپداشلىرى بىلەن يەكەن دەرياسىنى بويلاپ غەرپكە چېكىنگەن ئابدۇنىياز كامالنى سوۋېت رازۋېتكا ئايروپىلانى بايقاپ قېلىپ، ئىز قوغلاپ بومباردىمان قىلغان.

ئابدۇنىياز مەكىتكە كەلگەندە 300 ئەسكىرى قالغان بولۇپ، شىڭ شىسەي ۋە سوۋېت ئارمىيىسى يەكەندە ئۇنىڭ ئالدىنى تۇسۇپ تۇراتتى. ئابدۇنىياز كامال بىرلەشمە ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىپ بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندا مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدۇ ۋە ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ جەسۇر قوماندان تەسلىم بولماي، نەچچە كۈن ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىپ، 10 دەك ئەسكىرى بىلەن بۇرۇن ئۆزى لىيەنجاڭ بولۇپ 3 يىل تۇرغان، شۇ پەيتتە بولسا تاشلىنىپ قالغان هارابىتىكى گازارمىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. تۆت ئايغا سوزۇلغان ئۇرۇش جەريانىدا قاتتىق چارچىغان بۇ يىگىتلەر تۆت ئاي بۇرۇنقى گازارمىسىغا كىرىپلا، بىخەستەلىك قىلىپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئۇلارنى ئىز قوغلاپ يۈرگەن سوۋېت ئايرۇپىلانلىرى ئۇشتۇمتۇت بومباردىمان قىلىپ گازارما ئۆيلىرىنى تۇپ-تۇز قىلىۋېتىدۇ.

نەتىجىدە تىز پۈكمەس جەسۇر ۋە كەسكىن قوماندان ئابدۇنىياز كامال شېھىت بولىدۇ. شاھىتلارنىڭ ئەسلىشىچە، بۇ 1937 - يىلى 17 - ئۆكتەبىر ئىكەن. ئابدۇنىياز بىلەن ئاتا بالىدەك مۇناسىۋەت ئورناتقان هاراب دېھقانلىرى قېلىن توپىلارنىڭ ئاستىدا قالغان يىگىتلەرنىڭ جەسىتىنى كولاپ چىقىرىپ، شۇ يەردىكى مەشھۇر

قىلىچ بۇغراخان مازىرىغا دەپنە قىلىنغان. مەشھۇر يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ ئاكىنىڭ ئابدۇنىياز كامالنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان «ئىگەرلىك ئات» ناملىق تارىخى پوۋېستىدا ئابدۇنىياز «ھارابىتىكى گازارمىدا بومباردىماندا قازا قىلدى» دەپ يېزىلىپتۇ. بۇ شۇ قاراشنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ئىكەن.

ئابدۇنىياز كامال ھەتتا بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئاز تېپىلىدىغان، ھەر جەھەتتىن بارلىق شەرتلەرنى ھازىرلىغان قابىلىيەتلىك ھەقىقى بىر قوماندان ئىدى. غايىسى، مەقسىتى، نىشانى ئېنىق بولغان بىر قوماندان ئىدى.



## ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

**(2020-يىلى 8– ئاينىڭ 21 – كۈنىدىن 2020 - يىلى9– ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە)**

**21-ئاۋغۇست**

«**Nationalreview**» تورى «ئۇيغۇر بوۋاقلار دوختۇرلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلىۋاتىدۇ» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلدى. خەۋەردە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش پىلاندىن سىرت ھامىلە قالغان بوۋاقلارنى مەجبۇريي چۈشۈرۈۋېتىدىغانلىقى، ھامىلە بوۋاقلارنى بولسا ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىغانلىقى باش تېما قىلىنغان.

«**VOA**» تورى «خىتاي ۋىدىئولۇق ئېلان ئىشلەپ، يۈز ئۇيغۇر ئايالنى تېزدىن خىتاي ئەرلىرى بىلەن توي قىلىشقا چاقىردى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەرگە قىستۇرما قىلىنغان ۋىدىئونىڭ كېلىش مەنبەسى خىتاينىڭ دوۋيىن تورى بولۇپ، ئېلاندا يۈز ئۇيغۇر ئايالنىڭ خىتاي ئەر بىلەن توي قىلىشى چاقىرىق قىلىنغان ۋە خالىغۇچىلارنىڭ تېزدىن ئالاقىلىشىشى ئۈچۈن تېلفون نومۇرى قالدۇرۇلغان. ئىنسانشۇناس دەررىن بايلېر بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ بەك ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

**22-ئاۋغۇست**

«ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» ئېنگلىزچە بۆلۈمى تور بېتىدە «تۈركىيەلىك ئۇيغۇر تەتقىقاتچىنىڭ تۇغقانلىرى تۈركىيەدىكى تۇغقىنى بىلەن ئالاقە قىلغانلىق سەۋەبلىك ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلىندى. خەۋەردە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەيدىغان دوكتور ئەركىن ئەمەت ئەپەندىنىڭ ئىنىلىرى، سىڭلىسى ۋە كۈيئوغۇللىرىنىڭ ئۇزاق يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان.

**24-ئاۋغۇست**

«**christianheadlines**» تورى «خىتاي دوختۇرخانىلىرى دىنىي ئېتىقادقا ئىگە يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدىن مەجبۇريي ھامىلە چۈشۈرۈۋېتىش ئېلىپ باردى» تېمىسىدا خەۋەر ئېلان قىلغان. خاسىيەت ئابدۇللا ئىسىملىك تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان بايانلىرى خەۋەردىن ئورۇن ئالدى.

«**RFA**» ئىنگلىزچە بۆلۈمىنىڭ تورىدا «كورلا شەھىرىدىكى سابىق كامپ مەھكۇملىرىغا كېچىكتۈرۈپ تۈرمىگە قاماش جازاسى بېرىلدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلىندى. خەۋەردە بۇ ھەقتە توختىلىپ، تۈرمىلەر توشۇپ، ئادەم پاتماي قالغانلىقى ئۈچۈن كېچىكتۈرۈپ تۈرمىگە قاماش قارارى ئوتتۇرىغا چىققانلىقى

توغرىسىدىكى بايانلار بېرىلگەن.

«telegraph» توردا «مىڭلىغان كىشى ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشىيانە قاماش قىلمىشىغا قارشىلىق بىلدۈردى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار بايان قىلىندى.

**25-ئاۋغۇست**

«justsecurity» تورى «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسانىيلىققا قارشى جىنايەتلەرگە ۋە مۇمكىنچىلىك ئاستىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتىكى سىياسى تاللاشلار» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇشى تىلغا ئېلىنىپ، ئامېرىكا پرېزىدېنت نامزاتى بايدېننىڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقانلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتىغانلىقى بايان قىلىندى، شۇنداقلا باش تېمىنى چۆرىدىگەن مۇھاكىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«thehill» تورى «ترامپ ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغانلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئەيىپلەشنى ئويلاشماقتا» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى ۋە ترامپ ھۆكۈمىتىدىكى ئىككى ئەمەلدارنىڭ بۇنى ئاشكارىلىغانلىقىنى بايان قىلدى.

**26-ئاۋغۇست**

«telegraph» تورى «خىتاي ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن قورقۇنچلۇق ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىنىڭ ئاپتورى كان فوفلىن بۇلارنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە يۈرگۈزدى.

«voanews» تورى بايدىن ۋە ترامپ گۇرۇپپىسىنىڭ ئوخشاش ھالدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغانلىرىنى ئەيىپلىگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە بايدېننىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغانلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدى.

ھىندىستاننىڭ «wionews» تورى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا بىلەن ۋىدىيولۇق سۆھبەت ئۆزتكۈزگەن بولۇپ، دولقۇن ئىسا سۆزىدە خىتاي كومپارتىيىسىنى دۇنيادىكى ئەڭ رەزىل تېررورلۇق تەشكىلاتى دەپ ئاتىدى ۋە مۇخبىرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

«زىمىستان» تورى «شەرقىي تۈركىستاندىكى مازارلار ۋەيران قىلىندى، مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى داۋاملاشماقتا» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ ھەقتىكى بەزى تەپسىلاتلارنى بايان قىلدى.

**27-ئاۋغۇست**

«woinews» تورى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئىسا بىلەن ئۆتكۈزگەن نەق مەيدان سۆھبىتىنى ئېلان قىلدى. دولقۇن ئىسا مۇخبىرنىڭ جازا لاگېرلىرىغا سولانغانلارنىڭ سانى توغرىسىدىكى سوئالغا جاۋابەن، جازالاگېرلىرىدا ئۈچ مىليوندەك ئۇيغۇرنىڭ ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرۇلۇق سۆز قىلدى.

**28-ئاۋغۇست**

«financialexpress» تورى ئېلشات ھەسەن كۆكبۆرە بىلەن پاكىستان، ھىندىستان، خىتاي مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا قىلغان سۆزىنى نەقىل قىلىپ، ئۇنىڭ «ئەگەر بىز خىتاينىڭ پاكىستاننى قوللىشىنى توختىتالىساق، جاممۇ ۋە كەشمىردىكى مەسىلە تىنچ شەكىلدە ھەل بولىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلدى. كۆكبۆرە ئەپەندى سۆھبىتىدە يەنە تۈرك-ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىدىكى سۈكۈتىنى تەنقىدلىدى.

«news.trust.org» تورى «ئىچكى ئورگانلارنى مەجبۇرىي سۆكۈپ ئېلىۋېلىش ئەنگلىيە ساغلاملىق سىستېمىسىغا قەدەم قويۇشى مۇمكىن» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە باش تېمىغا مۇناسىۋەتلىك تەھلىل، ئانالىزلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**29-ئاۋغۇست**

«voanews» تورى «ئامېرىكا خىتايدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق مال ئىشلەپچىقىرىشقا چېتىشلىق دەپ قارىغان شىركەتنى جازالىدى» دېگەن ماۋزۇدا خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە بايان قىلىنىشچە، «PureCircle» ناملىق يېمەك-ئىچمەك شىركىتىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەھبۇسلارنى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا سالغان مەجبۇرىي ئەمگەك جىنايىتىگە چېتىشلىق دەپ قاراپ، شىركەتكە 575 مىڭ دوللار جەرىمانە قويغان.

«voanews» تورى «ۋاشىڭتون ۋە نيۇيورتكتىكى نامايىشچىلار ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان خورلاشنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاش چاقىردى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەرگە ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقان نامايىشچى ئامىمىنىڭ رەسمى بېسىلغان بولۇپ. رەسىمدە «خىتاي ئۇيغۇرلار ئۇستىدىن ئېلىپ بېرۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىڭنى توختات»، «شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىللىق» دېگەن لوزۇنكىلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. «voanews» تورى رەسىمدىكى مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ ئالاھىتەن خەۋەر مەزمۇنىغا كىرگۈزدى.

**30-ئاۋغۇست**

كانادا مەنبەلىك «» تورى «بىر يەھۇدى ئەرنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇر زىيانكەشلىكىنى توختىتىشى ئۈچۈن قىلغان ھەرىكىتى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەر ھۆججەتلىك فىلىم شەكلىدە تارقىتىلغان بولۇپ، لوندوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش قىلىۋاتقان ئاندرېۋ ئىسىملىك يەھۇدى ئەرنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. فىلىمدە زەينەپ ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئاندىرېۋنىڭ نامايىشىغا قېتىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

**31-ئاۋغۇست**

«RFA» ئىنگىلىزچە بۆلۈمى تور بېتى «رۇسىيەلىك ئاكادېمىكلىرى ئۇيغۇر پروففېسسورنىڭ قويۇۋېتىلىشى توغرىسىدا ئۈچۈق خەت ئېلان قىلدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھۆكۈم قىلىنغان خالمۇرات غوپۇر تىلغا ئېلىنىپ، بىر تۈركۈم رۇس ئاكادېمىكلارنىڭ شى جىنپىڭغا خالمۇرۇت غوپۇرنى قويۇۋېتىش توغرۇلۇق ئۈچۈق خەت يازغانلىقى، خەتتە ئاكادېمىكلارنىڭ خالمۇرات غوپۇرنى ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەتلىك خىزمەتدېشى ۋە دوستى دەپ ئاتىغانلىقى بايان قىلىندى.

**1-سېنتەبىر**

دىپلومات ژۇرنىلى «سىن روبېرتىسىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشى ھەققىدە» ناملىق ماقالە ئېلان قىلغان. ماقالىدە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمى دوتسېنتى، جورج ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى سىن روبېرتىسنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئۇرۇش: خىتاينىڭ بىر ئاز سانلىق مۇسۇلمان مىللەتكە قاراتقان ئىچكى ئۇرۇشى» ناملىق كىتاب يېزىپ چىققانلىقى بايان قىلىنغان ۋە ئاپتور بىلەن كىتاب توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزگەن.

**2-سېنتەبىر**

«newsweek» تورى «ھۆمەينى ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئىسلامغا خائىنلىق قىلدى دېگەندىن كېيىن، پومپېئو ئىراننىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىشىنى ئەيىبلىدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى.

«republicworld» تورى«بايدىن گورۇھى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر، دېدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلدى ۋە بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى بايان قىلدى.

**3-سېنتەبىر**

ئەنگلىيە مەنبەلىك «**geographical**» تورى «گېئوپولىتىكىلىق ھارارەتلىك جاي: شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر مەھبۇسلىرى لاگېرى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈشى، خىتاينىڭ كېلىشى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

**4**-سېنتەبىر
رويتېرس ئاگېنتلىقى «مالايسىيا مىنىستىرى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەيمىز، دېدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە بايان قىلىنىشىچە، مىنىستىر موھد رېدزۇئان يۇسۇپ ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئىچكى ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھۆرمەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، خىتايدىن قاچقان ئۇيغۇرلارنى خىتاي تەلەپ قىلغان تەقدىردىمۇ، مالايسىيا ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىكنى قارار قىلغانلىقىنى جاكارلىغان.

**5**-سېنتەبىر
«**theguardian**» تورى «ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئايال ئوقۇتقۇچى شەرقىي تۈركىستاندا ھامىلىسىنىڭ مەجبۇرىي چۈشۈرگۈزىۋېتىلگەنلىكىنى ئېيتتى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە نۆۋەتتە ياۋروپادا ياشاۋاتقان سابىق لاگېر ئوقۇتقۇچىسى قەلبىنۇر سىدىق مۇخبىرغا ئۆزىنىڭ كەچمىشىنى بايان قىلدى.

**6**-سېنتەبىر
«ياپونىيە ۋاقتى» گېزىتى «ياپونىيەدىكى ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنىڭ ئاخىرلىشىشى ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە ئاۋسترالىيە ئىستراتېگىيە، سىياسەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ئاقىللار ئامبىرىنىڭ خىتاينىڭ يەتتە ئۆلكىسىدىكى **27** زاۋۇتىغا سەكسەن مىڭ ئۇيغۇرنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئېنىقلىشى نەقىل قىلىندى.

**7**-سېنتەبىر
«**bbc**» تورى «دىسنىي شىركىتى مۇلەن فىلىمىنى شەرقىي تۈركىستاندا فىلىمغا ئالغانلىقى ئۈچۈن تەنقىدلەندى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، فىلىمنىڭ باش رولچىسى ئەينى چاغدا خوڭكوڭ نامايىشىنىڭ باستۇرۇلىشىنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، مۇلەن فىلىمىنى بايقوت قىلىش سادالىرى كۈنتەرتىپكە كەلگەن.

**8**-سېنتەبىر
رويتېرس ئاگېنتلىقى «ئامېرىكا خىتاينىڭ شىنجاڭدىن كېلىدىغان پاختا، شوخلا قاتارلىق ئىمپورت ماللارنى چەكلەشكە تەييارلانماقتا» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە بۇنىڭدىكى سەۋەبنىڭ بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىنىڭ ۋاستىسىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ خىل قارارغا تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقانلىقى قەيت قىلىنغان.

**9**-سېنتەبىر
«**bloomberg**» تورى «ئەنگلىيە ئادۋۇكاتلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئەيىبلىدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە **130** دىن ئارتۇق ئەنگلىيىلىك ئادۋۇكاتنىڭ ئەنگلىيەدىكى خىتاي ئەلچىسى ليۇ شياۋمىڭغا خەت يېزىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزىۋاتقان جىنايەتلىرىنى ئەيىبلىگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

**10-سېنتەبىر**

«تاشقى ئىشلار ژۇرنىلى» تورى «خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان مۇئامىلىسى مۇسۇلمان ئەللىرىدە غەزەپ قوزغىدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە خىتاينىڭ جىنايەتلىرى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، تۈركىيە قاتارلىق مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ خەلقلىرىنىڭ مەسىلىگە قارىتا ئۆز غەزىپىنى ئىپادىلەپ تۇرۇۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان.

**11-سېنتەبىر**

«**catholicnewsagency**» تورى «ئامېرىكا سېناتورلىرى دىسنېينىڭ مۇلەن فىلىمىنى شەرقىي تۈركىستاندا فىلىمگە ئېلىشىنى ئەيىبلەشكە ئاۋاز قوشتى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلىپ، ئەھۋالنىڭ ماھىيىتىنى بايان قىلدى.

**12-سېنتەبىر**

«**businessinsider**» تورى «كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ترامپنى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك لاگېرلىرىغا چېتىشلىق پاختا ئىمپورتىنى چەكلەشكە چاقىردى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

**14-سېنتەبىر**

«بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق مەھكىمىسى باش دېرىكتورى شەرقىي تۈركىستانىنى زىيارەت قىلىشنى مۇھاكىمە قىلماقتا» ناملىق خەۋەر «رويتېرس» ئاگېنتلىقى تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. خەۋەردە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق مەھكىمىسىنىڭ باش دېرىكتورىنىڭ خىتاي ئەمەلدارلىدى بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستانىنى زىيارەت قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى بايان قىلغانلىقى قەيت قىلىندى.

«**politico**» تورى «ياۋروپا <(قىرغىنچىلىق) ئەمدى يۈز بەرمىسۇن> دەپ جارقىراقىدۇ-يۇ، نېمىشقا ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا سۈكۈت قىلىدۇ» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنى تىلغا ئالغان.

**15-سېنتەبىر**

«**RFA**» ئېنگىلىزچە بۆلۈمى تور بېتى «يەھۇدى ئاكتىۋىست <يەھۇدى خەلقى يەھۇدىلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بېشىغا كەلگىنىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ» دېگەن تېمىدا خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە ئانىنى ئىسىملىك ئاكتىۋىستنىڭ ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم ھەققىدە سۆز قىلىش كېرەكلىكىنى بايان قىلغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلار ھەقىدىكى بايانلىرى قەيت قىلىنغان.

**16-سېنتەبىر**

«**Jurist**» تورى «كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقانلىرىنى <ئىرقىي قىرغىنچىلىق> دەپ ئاتاش توغرىسىدا ئوچۇق خەت ئېلان قىلدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە تېمىغا ئالاقىدار تەپسىلاتلار مۇھاكىمە قىلىندى.

**17-سېنتەبىر**

«**bbc**» تورى «خىتاي <تەربىيىلەش> كامپىلىرىنى ئاقلىدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدىغان ماللارنى ئىمپورت قىلىشنى توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم سىياسىتىنى ئاقلىغانلىقىنى، خىتاي

**ھۆكۈمىتى يېڭى ئېلان قىلغان ئاق تاشلىق كىتابتا «كەسپىي تەربىيلەش مەركەزلىرى»نىڭ خىزمەت تېپىش پۇرسىتىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتا قارشى كۈرەشكە ياردەمچى بولىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى بايان قىلىندى.**

**«voanews» توربىدا ئاكتىۋىستلارنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىشلەۋاتقان جىنايىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ تونۇشقا چاقىرغانلىقى ئېلان قىلىندى.**

**18-سېنتەبىر**

**«RFA» ئىنگىلىزچە تورى «خىتايدا تۇرۇپ ھۆكۈمەتنى تەنقىدلەيدىغان كەم كۆرۈلىدىغان ۋىدىيولارنى ئېلان قىلغان ئۇيغۇر ياش تۇتقۇن قىلىندى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلىندى. خەۋەردە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلمىدىن قېچىپ، خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىسىدە سەرگەردان بولۇپ ياشىغان ۋە چەتئەلگە ۋىدىيو تارقاتقان مىرادىل ھەسەننىڭ ئەھۋالى بايان قىلىندى.**

**19-سېنتەبىر**

**«زىمىستان» تورى «خىتاي كومپارتىيىسى كادىرلىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۇچرىغان جىنسىي تاجاۋۇز» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە نۆۋەتتە ياۋروپادا ياشاۋاتقان سابىق جازا لاگېرى ئوقۇتقۇچىسى قەلبىنۇر سىدىقنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرى بېرىلدى ۋە بۇ ھەقتىكى مۇھاكىملەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.**

**20-سېنتەبىر**

**«usaherald» تورى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىقلىقى سەۋەبلىك ئەيىبلەنگەن H&M شىركىتى خىتاينىڭ خام ئەشيا تەمىنلىشىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، شىۋېتسىيەنىڭ داڭلىق مودا كىيىم ماركىسى ھېسابلىنىدىغان H&M نىڭ خىتاينىڭ پاختا تەمىنلىشى بىلەن بولغان ۋاستىلىك ئالاقىسىنى ئۈزگەن.**

**ئىزاھات: « uyghuremergency.org»نى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، تېخىمۇ تەپسىلىي خەۋەر، مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيسىز.**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى.



## توۋ سكۇتناب كەڭگېس

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دوستى، تەھدىتدىكى تىللار ھوقۇقىنى قوغدىغۇچى، پىسخولوگ، ۋە مائارىپشۇناش ئالىم


ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival
ئۇيغۇرلار ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنۈپ ئاجىزلاشمىغۇچە بىرەر تاشقى دۈشمەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلالىغان ئەمەس.